# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

# 新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版 季刊）

季刊

第 39 卷第一期

2018 年 3 月

（总第 153 期）

主编：

卫利·巴拉提

本期执行编辑：

吐尔逊·卡迪尔

پەسىللىك ژۇرنال

39 - يىلى نەشرى

2018 - يىللىق 1 - سان

(ئومۇمىي 153 - سان)

باش مۇھەررىر:

ۋەلى بارات

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى:

تۇرسۇن قادىر

مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ۋاڭ جىڭلياڭ؛ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمايىل ئابدۇرېھىم . بەت ياسىغۇچى: ئەخمەتجان ئۆمەر . مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)**

**39 ـ يىللىق 1 ـ سان (ئومۇمىي 153 ـ سان)      2018 ـ يىلى 3 ـ ئاي**


# بۇ ساندا


سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرمىلى ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەيلى..........خۇاڭ كۈنمىڭ(1)

ماگارىپى كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشتا يېڭى تارىخىي مۇساپە يارىتايلى........................ چېن باۋشىڭ(10)

يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ــ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى.......................................................................خۇاڭ جىن(17)

مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرەيلى..........چيۇ يۈەن(25)

**يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭ مائارىپ ئىسلاھاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەر..................................................رەخمىتۇللا ھەسەن(34)

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بولايلى ــ ئالتاي تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ماكرولۇق ئوخشاشلىقلار مىسالىدا...........................................لىتىپ توختى(48)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى چىنچە سۆزلۈكلەر ھەققىدە..............ئىسرائىل مۇتىللا(65)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ زور ئەھمىيىتى توغرىسىدا.... نەجمىدىن يۈسۈپ(76)

**سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى**

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە.................. ئىمىنجان قېيۇم(86)

**تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى**

ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرگە ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا.................... ئابلەت ئابدۇللا(91)

يېڭى دەۋردىكى تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە تەھلىل.....................
.........................................................ئابدۇۋەلى قېيۇم، ئوسمان جۇمە(96)

ساۋپىنىڭ ئەدەبىيات قارىشى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە................ زۇلپىقار ئابدۇسالام، ئابدۇۋەلى ئەيسا(104)

**قانۇن، تارىخ تەتقىقاتى**

يېڭى دەۋردە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ھەققىدە مۇلاھىزە....................  ساداقەت ئابدۇكېرىم(111)

**كۇتۇپخانىچىلىق تەتقىقاتى**

«ئىنتېرنېت +» دەۋرىدە ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە......................................خالبۇۋى ئابدۇرېشىت(120)



**ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*A$_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2018-1**

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）
第 39 卷第 1 期（总 153 期）　2018 年 3 月

# 目　录

培育和践行社会主义核心价值观……黄坤明(1)

开启建设教育强国历史新征程……陈宝生(10)

实现新时代中国特色社会主义文化自信：大学的使命与担当……黄进 (17)

深刻领会我国社会主要矛盾的变化……秋原(25)

**丝绸之路文化研究**

中华人民共和国成立初期新疆教育改革的辉煌成就……热合木吐拉·艾山(34)

争做中华文化的捍卫者——以阿尔泰语言和汉语之间的宏观相同性为例……力提甫·托乎提(48)

论古（chin）秦（汉）语在《突厥语大词典》中的记载……伊斯热依力·木提拉(65)

论习近平新时代中国特色社会主义思想的重大意义……乃吉米丁·玉素甫(76)

**政治、经济与管理学研究**

关于南疆地区脱贫工作的几点思考……依明江·克衣木(86)

**语言、文学与文化研究**

正视维吾尔语中的汉语借词……阿布来提·阿布都拉(91)

浅谈新时代学习翻译理论的意义……阿卜杜外力·柯尤木，吾斯曼·居买(96)

关于曹丕文学观点的初探……祖力皮哈尔·阿布都沙拉木，阿卜杜外力·艾萨(104)

**法学、历史研究**

新时代依法治国的思考……沙达开题·阿布都克力木(111)

**图书馆研究**

浅析在“Internet+ ”时代高校图书馆存在的问题及其对策……哈丽布·阿不都热西提(120)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2018-1

ماقالە نومۇرى: 09 ـ 001 ـ 01(2018) 5878 ـ 1005

# سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرەيلى ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەيلى*

خۋاڭ كۈنمىڭ

سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان زور ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيە. باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ مول مەزمۇنى ۋە ئەمەلىيەت تەلىپى چوڭقۇر شەرھلەندى، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە قارىتا نۇرغۇن يېڭى مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ پارتىيەمىزنىڭ قىممەت قارىشى ۋە قىممەت ئەمەلىيىتىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. بىز پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ مۇستەھكەم، ئورتاق ئىدىيە ـ ئەخلاق ئاساسىنى سېلىشىمىز كېرەك.

## 1. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك

سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى، زامانىمىزدىكى جۇڭگو روھىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، ئۇنىڭدا پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق قىممەت ئىستىكى مۇجەسسەملەنگەن. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. يېڭى دەۋر، يېڭى تەلەپ، يېڭى مۇساپە، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشنى داۋاملىق چوڭقۇر يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرستىش زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە .

**1) سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش – يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى زور ۋەزىپە**

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم پارتىيەنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى بارلىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ باش تېمىسى. 40 يىلغا يېقىن

* بۇ ماقالە «شىنخۇا تەرمىلىرى»(新华文摘) ژۇرنىلىنىڭ 2018 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.
تەرجىمە قىلغۇچى: شېرىنئاي نىياز، راھىلە، سەمەت مەمتىمىن قاتارلىقلار

ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، قۇرۇلمىسى كۆنسېرى مۇكەممەللەشتى، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. مەيلى بىر يول، بىر نەزەرىيە سىستېمىسى ياكى بىر خىل تۈزۈم، بىر خىل مەدەنىيەت بولسۇن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ۋە سىياسىي تۈزۈمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەم كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلالايدىغان بىر يۈرۈش يادرولۇق قىممەت قارىشىغا موھتاج. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە كەڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشىمىزنى ئىدىيەۋى نەزەرىيە، ئەمەلىي ھەرىكەت، ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتلىمىدىن قىممەت ئىدىيەسى قاتلىمىغا قاراپ يەنىمۇ بېيىتتى. ھازىر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي نۇقتىغا كەلدى، پەقەت سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ھەم ئۇل خاراكتېرلىك ئىچكى ۋەزىپە ھەم نىشانچانلىقتا ۋە بەلگىلىمە خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە تونۇپ ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**2)سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرستىش ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش روھنى تىكلەش قۇرۇلۇشى**

پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىي بۇرچى شەرھلىنىپ، ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ « تۆت ئۇلۇغ » قۇرۇلۇشى ئۇلۇغ نىشاننى، پارلاق ئىستىقبالنى، مۇشەققەتلىك تارىخىي مۇساپىنى، شەرەپلىك بۇرچنى نامايان قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يادرولۇق قىممەت قارىشى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مەنىۋى رىشتىسى، بىر دۆلەتنىڭ ئورتاق ئەخلاق ئاساسى. ئۇلۇغ كۈرەش كۆپچىلىكنىڭ ئىرادىسىدىن سېپىل ھاسىل قىلىشقا، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش مۇستەھكەم بىردەكلىككە، ئۇلۇغ ئىشلار كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئۇلۇغ ئارزۇ بىر نىيەتتە ئورتاق قۇرۇشقا موھتاج. بۇ بىزدىن ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىشەنچى ۋە قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇشنى، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى توپلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلەپلىرىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئەمەلىيەتتە كۆرستىش ۋە گەۋدىلەندۈرۈشتە، جۇڭخۇانىڭ ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتا، دەۋر روھى ۋە كەڭ ئورتاق تونۇشقا ئىگە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشتە چوقۇم غايە ۋە ئېتىقادنى مۇستەھكەملەپ، قىممەت ئىنتىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا بارغانسېرى قەتئىي ۋە ئىشەنچلىك بولۇشىمىز، توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان، كۈرەشچان قىياپەت بىلەن شانلىق مەنزىلگە غەلىبىلىك يېتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

**3) سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرستىش — دۇنيا مەدەنىيەتلىرى قايناملىرىدا مەنىۋى مىللىي خاسلىقنى ساقلاش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تىرەك**

بۈگۈنكى دۇنيا زور تەرەققىيات، ئۆزگىرىش، ۋە

تەڭشىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتىدۇ، مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئالماشتۇرۇش ۋە كۈچ سىنىشىش كۆلىمى كېڭىيىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى غەرب ئەللىرى ئۇزاقتىن بۇيان تۈپلىگەن ئىقتىسادىي پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋە سۆز قىلىش ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئاتالمىش «دۇنياۋى قىممەت قارىشى»نى مەزمۇن قىلغان ئىدىيە، مەدەنىيەتنى سىرتقا تارقىتىپ، كىشىلەرنى «غەربنى گۈزەل دەپ بىلىش»، «غەربكە ئەگىشىش» كە ئېزىقتۇرۇپ، مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تونۇشىنى سۇسلاشتۇرۇش، ھەتتا ئۆڭگىدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: مەدەنىيەت — بىر دۆلەت ۋە بىر مىللەتنىڭ جېنى؛ مەدەنىيەت ئىشەنچى - بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى تېخىمۇ ئاساسلىق، تېخىمۇ مۇستەھكەم، تېخىمۇ ئۇزاق داۋام قىلىدىغان كۈچ. قىممەت قارىشى — مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يادروسى، قىممەت قارىشى ئىشەنچى بولسا مەدەنىيەت ئىشەنچىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئىپادىسى. جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆزگىچە تارىخىي تەقدىرى، ئۆزگىچە ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى بىزنىڭ ھەم جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان ھەم ھازىرقى زامان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكى بولغان قىممەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. پەقەت سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئىزچىل يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىدىيەۋى جەۋھىرى، روھىي گېنى، مەدەنىيەت جان تومۇرىغا زور كۈچ بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن جۇڭگو روھى، جۇڭگو قىممىتى، جۇڭگو كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى بەرپا قىلغىلى، جۇڭخۇا مىللىتىنى تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرغىلى بولىدۇ.

## 2. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ تۈپ قائىدىسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك

سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا شەكىللەنگەن، ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ قىممەت ئىپادىسى، پارتىيەنىڭ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋردە قانداق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ زور دەۋر تېمىسىدا قانداق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى چۆرىدەپ، يېپيېڭى نەزەر بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قانۇنىيىتى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەرىيە ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى بەرپا قىلدى، ماركسىزمنىڭ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى، ماركسىزمنى

جۇڭگوچىلاشتۇرۇشتىكى يېڭى ھالقىشنى ھاسىل قىلدى، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تۈپ قائىدە بىلەن تەمىنلىدى .

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى پارتىيە چوقۇم ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، بىر زور سىياسىي، نەزەرىيەۋى، ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي تەدبىر ۋە تارىخىي تۆھپە قىلىپ بېكىتتى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا يېڭى دەۋردە چىڭ تۇرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ باش ۋەزىپىسى، ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى، تەرەققىيات ئۇسۇلى، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىستراتېگىيەلىك باسقۇچى، تاشقى شارائىتى، سىياسىي كاپالىتى قاتارلىق ئاساسىي مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق جاۋاب بەردى، بىر قاتار ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى قاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئىستراتېگىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىدىيە ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ يېڭى نەتىجە، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىسى ۋە كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىدىكى ھەرىكەت قىبلىنامىسى، شۇڭا ئۇنىڭدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئىدىيەۋى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىش سېپىدە ئومۇميۈزلۈك توغرا، كەڭ، چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى بېكىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشقا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى، روھىي ماھىيىتىنى، ئەمەلىيەت تەلىپىنى چوڭقۇر تونۇشقا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى، ھەل قىلغۇچ تۆھپە قوشقانلىقىنى چوڭقۇر تونۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتاي روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يادروغا سادىق بولۇش، يادرونى قوغداش سىياسىي ئاڭلىقلىقىنى، ئىدىيە ئاڭلىقلىقىنى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك .

سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قەتئىي، ئاڭلىق ھالدا يېتەكچى قىلىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تايانچ، تارازا ۋە ئۆلچەم قىلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا، ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈش، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ

سىياسىي تونۇشىنى، ئىدىيەۋى تونۇشىنى، ھېسسىيات تونۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئۈزۈكسىز مۇستەھكەملەش، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان ئورتاق ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپلەرنى ئومۇمييۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، يېڭى تەپەككۇر، يېڭى تەدبىرلەرنى ئىلمىي ئوتتۇرىغا قويۇش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك.

## 3. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چوڭقۇر ئىگىلەش كېرەك

پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. بۇ مۇھىم ئىدىيەۋى قاراش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك تارىخىي بۇرچنى مەركەز قىلغان بولۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتىنى يەنىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇردى.

**1) پارتىيەمىز ئەزەلدىن قانداق ئادەملەرنى تەربىيەلەش مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى**

ماركسىزم جەمئىيەتنىڭ ئومۇمييۈزلۈك ئىلگىرىلىشى ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرلەشكەن جەريان دەپ قارايدۇ. لېنىن: «كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەمگەكچى خەلقنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيەلەشكە ياردەم بېرىش» دەپ كۆرسەتكەن. پارتىيەمىز كونا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش جەريانىدا باشتىن ئاخىر يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلدى، خەلق ئاممىسىغا ئۆز مەنپەئەتىنى تونۇتتى ھەم ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئىنقىلاب، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە پارتىيەمىز جاپاكەش ئاممىغا جاپالىق-قىيىن تۇرمۇشنىڭ مەنبەسىنى بىلدۈرۈش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەھەتلەردە تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ باردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيەمىز ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش مەزگىلىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، پارتىيەمىز غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىزم پۇقرالىرىنى تەربىيەلەپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندا، پارتىيەمىز جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىدا مۇستەھكەم ئېتىقاد تۇرغۇزۇش، ئۆزلۈك ئېڭىنى كۈچەيتىش،

ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە ئۆزىنى بېغىشلاشتا مۇھىم ئەھمىيىتى بار.

**2) قانداق ئادەملەرنى تەربىيەلەش مەسىلىسى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ مەسىلە**

يادرولۇق قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشى تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيە قۇرۇلۇشى، روھ قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراشقا ئىگە سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا تاۋلىنىدۇ، يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. قانداق جەمئىيەت قۇرۇش، قانداق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئادەم ھالقىلىق ئامىل. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىش» تەك زور تېما ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «قانداق قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇش» بىلەن «قانداق ئادەم يېتىشتۈرۈپ چىقىش» زىچ بىرلەشتۈرۈلدى، قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشىنىڭ نېگىزىنى تۇتۇپ، پارتىيەمىزنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى .

**3) مىللەتنىڭ گۈللىنىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىگە قويۇلغان ئۆلچەم ۋە تەلەپلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ئىگىلەش**

مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان يېڭى دەۋر كىشىلىرى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئىشەنچكە ئىگە بولۇشى، ئەخلاققا رىئايە قىلىشى، تەقدىم قىلىش روھىغا باي بولۇشى، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان، ئالغا ئىنتىلىدىغان بولۇشى، يېڭى قىياپەت، يېڭى ھالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئىشەنچكە ئىگە بولۇش - جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى، يەندى - خۇاگىدى ئەۋلادلىرى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىش، يېڭى دەۋر جۇڭگو پۇقراسىغا خاس جىگەر، شىجائەت بولۇش، ۋەتەننى، پارتىيەنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، «تۆت ئىشەنچ» تە قەتئىي چىڭ تۇرۇش، «قوش 100يىل» كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا نىسبەتەن ئىشەنچى بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەخلاقلىق بولۇش - جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىغا ۋارىسلىق قىلىش، سوتسىيالىستىك ئەخلاقنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئەخلاقلىق، ئاقكۆڭۈل بولۇش، ئەخلاق نەمۇنىلىرىدىن ئۆگىنىش، ئاقكۆڭۈللۈكتىن ئىبارەت پەزىلەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش، توغرا ئەخلاق يۆلىنىشى، ئاڭلىق ئەخلاق ئەمەلىيىتى بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. تەقدىم قىلىش روھى بولۇش - ئاڭلىق ھالدىكى دۆلەت ئېڭى، مىللەت ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭى بولۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، كۆچىنىڭ بېرىچە كوللېكتىپقا مەسئۇل بولۇش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش، ئۆزىنى دۆلەتكە بېغىشلاش جەريانىدا ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش - ئەمەلىيەتتە بىرىنچى بولۇش، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، راستچىل ۋە ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئاقكۆڭۈل بولۇش، ئەستايىدىل ئىشلەپ يېڭىلىق يارىتىش، بىر جۈپ ئىشچان قولى بىلەن گۈزەل كەلگۈسى يارىتىشتا چىڭ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئالغا ئىنتىلىش - ھەر ۋاقىت كۆتۈرەڭگۈ ھالەتنى ساقلاش، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان جاسارەت بولۇش، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە جۈرئەت

قىلىش، يېڭى ئەمەلىيەت ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

## 4. سوتسيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش لازىم

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا، تەربىيە ئارقىلىق يېتەكلەش، ئەمەلىيەت ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش، تۈزۈم ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش، سوتسيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ خەلق مائارىپى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئىجادىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىشتىكى يېتەكچى رولىنى جارى قىلدۇرۇش، سوتسيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈش ھەم خەلقنىڭ ھېسسىيات تونۇشىغا ۋە ھەرىكەت ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بىز چوقۇم يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق بىلەن، ۋەزىپىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇشىمىز، سوتسيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ چوڭ نەتىجىگە ئېرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك .

**1) سوتسيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

سوتسيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزگىچە روھى تۈۋرۈكى، جۇڭگو كۈچىنى ئويۇشتۇرۇشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى، تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنىڭ جېنى. خەلق مائارىپىنىڭ يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەخلاقلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئاساسىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ، يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيەسى، مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيەسى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەربىيەسىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەرىپەت تەربىيەسى، ئاساسىي مائارىپ، كەسپىي مائارىپ، ئالىي مائارىپ قاتارلىقلارغا سىڭدۈرۈش، دەرسلىك ئوقۇتۇشى، مەكتەپ ئىستىل قۇرۇلۇشىدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، سوتسيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈشنى مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي يېزا ـ بازار، مەدەنىي ئورگان، مەدەنىي ئائىلە، مەدەنىي مەكتەپ قۇرۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىش، ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، قىممەت قارىشىنى ئېنىق ئىپادىلەش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىشنى كۈچەيتىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنى مەركەز قىلغان يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك مېلودىيەسى ۋە دەۋر ساداسىنى ياڭرىتىش كېرەك .

**2) جۇڭخۇا ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزۈقلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

جۇڭخۇا ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنىۋى جان تومۇرى، سوتسيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم بۇلىقى. جۇڭخۇا ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئىجادىي ئۆزگەرتىش، يېڭىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مول ئىدىيە ـ قاراشلىرىنى، ئىنسانىي روھ، ئەخلاق نەمۇنىلىرىنى قېزىپ چىقىرىش، دەۋر روھىغا

بىرلەشتۈرۈپ يېڭىلىق يارىتىش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يوقالماس سېھرىي كۈچى ۋە دەۋر تۈسىنى نامايان قىلىش لازىم. قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ يېڭىلىرىنى يارىتىش، ئەسلىنى ئۇنۇتماسلىق، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىكى مېھرىبانلىق، خەلقچىللىق، لەۋزىدە تۇرۇش، ھەققانىيەتنى ياقلاش، ئىناقلىقنى تەكىتلەش، بىردەكلىكنى كۆزلەش قاتارلىق يادرولۇق ئىدىيە - قاراشلارنى دىيالېكتىك ئۇسۇلدا تاللاش ۋە چوڭقۇر شەرھلەش، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ياراتقان بارلىق مەنىۋى بايلىقلار ئارقىلىق ئادەمنى ئۆزگەرتىش ۋە تەربىيەلەش لازىم. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىچىدىكى ئەخلاق تەربىيەسى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش، ۋاپادارلىق، مېھرى - مۇھەببەت تەربىيەسى، راستچىللىق تەربىيەسى، ئىشچان ھەم تېجەشچان بولۇش تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېزا - قىشلاق مەدەنىيىتىنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، كارخانا روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، كىشىلەرنى ئەخلاق سەۋىيەسىنى توختىماي ئۈستۈرۈشكە يېتەكلەش لازىم .

**3) قانۇن ۋە سىياسەتنىڭ كاپالەتلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

قانۇن ۋە سىياسەت جەمئىيەتنىڭ ئاممىۋى ساھەلىرىدە چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىشتە مۇھىم يېتەكچى رول ئوينايدۇ. دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت، ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش، قانۇن تۈزۈش، قانۇن ئىجرا قىلىش، ئەدلىيە، قانۇنغا رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈن جەريانىغا ئىزچىللاشتۇرۇش، قانۇن ۋە سىياسەتنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە مەنىۋى ئاساس سېلىش كېرەك. قانۇن - نىزام تۇرغۇزۇش، تۈزىتىش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاشنى تېزلىتىش، زور ئاممىۋى سىياسەت، ئەخلاق خەترىنى باھالاش مېخانىزمى ۋە ئېغىشنى تۈزىتىش مېخانىزمى تۇرغۇزۇش، قىممەت يۆزلىنىشىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەش، ھەقىقەتنى ئېغىشماي قوغداش، رەزىللىكنى قەتئىي يوقىتىش، ياخشىلىقنى ياخشىلىق قايتىدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، قانۇن ئىدارە قىلىش ۋاستىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئاممىۋى قىممەتنى قوغداپ، ئەخلاق ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، قەھرىمان ئۈلگىلەر ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاساسىي ئېقىملىق قىممەتنى قوغداش، ئەدلىيەنىڭ رەزىللىكنى جازالاپ، ھەققانىيەتنى قوغداش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى قوغداش، گۈزەل ئەخلاق، خەيرلىك ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە پايدىلىق بولغان قانۇن ئىدارە قىلىش مۇھىتى ۋە مېخانىزمى تېرىكىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك .

**4) پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

پارتىيەلىك كادىرلار ئىجتىمائىي ئاما ئارىسىدىكى ئىلغارلار، ئەخلاق ئۇستازلىرى، ھەرىكەت ئۈلگىلىرىدۇر. ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشتا كادىرلار باش بولۇش لازىم. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش، پارتىيەلىك تەربىيەسىنى قاتتىق چىڭىتىپ، سادىق، سەممىي، ئادىل، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، پاك دىيانەتلىك بولۇش قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، پارتىيە ئىچىدە ئاكتىپ، ساغلام بولغان سىياسىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي

قىلدۇرۇپ، ئىدىيەنى كۈچەيتىپ، پارتىيەلىك روھنى تىكلەپ، تەۋرەنمەس سىياسىي يۆنىلىشنى قوغداش كېرەك. پارتىيەلىك كادىرلار سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشتە ئۈلگە بولۇپ، ئەخلاق - پەزىلەتنى بىلىپ، ئومۇمىي ئەخلاق ۋە شەخسىي ئەخلاقتا قاتتىق رىئايە قىلىش، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا غايە ئېتىقادنىڭ كۈچىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئالىيجانابلىقى بىلەن ئاممىنى تەسىرلەندۈرۈش، ئاممىنى يېتەكلەش كېرەك. ئىلغار كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېنىمىزدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەش، نەمۇنىچىلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە، ئاكتىپلىق، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەش لازىم .

**5) ئائىلىنىڭ ئۇللۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ بىر ھۈجەيرىسى. ئائىلە ئىناق بولسا جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ، ئائىلىنىڭ بەختى جەمئىيەتنىڭ بەختى، ئائىلە مەدەنىيەتلىك بولسا جەمئىيەت مەدەنىيەتلىك بولىدۇ. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىشنى ئائىلىدىن باشلاپ، ئائىلە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى جانلاندۇرۇشتا ئائىلە تەربىيەسىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشى ئائىلە ئىستىلى ۋە نەسىھەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، دۆلەتنى، ئائىلىنى سۆيۈش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئەخلاقتا قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك ئائىلە مەدەنىيلىكى يېڭى ئىستىلى بەرپا قىلىش كېرەك. بالىلار مىللەتنىڭ كەلگۈسى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قىممەت ئىنتىلىشى پۈتكۈل قىممەت يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىدىكى قىممەت قارىشى يۆلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ. بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ سىياسىي - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئۈزۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بارلىق ياش- ئۆسمۈرلەرنى يىراق كەلگۈسى نىشان تۇرغۇزۇشقا، گۈزەل قەلب، تىرىشچان، ئەخلاقلىق بولۇشقا، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە، تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى پەللىسىنى توغرا بېسىپ، توغرا ئىدىيە، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

**تەرجىمە مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

39 - يىللىق 1 - سان
2018 - يىلى 3 - ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 39 卷第 1 期
2018 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2018)01 - 010 - 07

# مائارىپنى كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشتا يېڭى تارىخىي مۇساپە يارىتايلى*

چېن باۋشېڭ

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت بىر قاتار زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلدى. مائارىپ سىستېمىسىنىڭ چوقۇم يېڭى كەيپىياتقا، يېڭى سۈپەتكە ئىگە بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، مائارىپتا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش تارىخىي يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى .

## 1. مائارىپ يېڭى مۇساپىسىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىنى توغرا ئىگىلەيلى

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم سىياسىي ھۆكۈم چىقىرىلدى. بۇ 18 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى توغرا تونۇش، 18 - قۇرۇلتايدىن بۇيان ھەرقايسى ساھەلەردە ئېرىشىلگەن ھەر تەرەپلىمە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە قارىتا چىقىرىلغان ئومۇمىي ھۆكۈم، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي كوردىناتى ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى بەش يىل بولسا مائارىپ ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن، ئىنتايىن ئالاھىدە بەش يىل. بۇ بەش يىل مابەينىدە، مائارىپتا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندى؛ بىز سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇردۇق ۋە ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتتۇق؛ «تۆت ئاڭ» نى مۇستەھكەم تۇرغۇزدۇق. ئەخلاقلىق ئادەم تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە ۋە ئەخلاق تەربىيەسى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇردۇق، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەپ ئۇلاردا توغرا بولغان تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، دۆلەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى تۇرغۇزدۇق، ئۇلاردىكى جۇڭگولۇقلارغا خاس ئىشەنچ، غەيرەت - جاسارەت ۋە غايىلەرنى مۇستەھكەملىدۇق. مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار مائارىپىدا ھالقىما تەرەققىي قىلىش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش، ئالىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەشتۈردۇق، بۇنىڭ بىلەن مائارىپىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى دۇنيا بويىچە ئوتتۇرا ھالدىن يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، مائارىپنىڭ ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش،

* بۇ ماقالە «ئىزدىنىش» (求是) ژۇرنىلىنىڭ 2018 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەتجان ئۆمەر

مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىدا ئوينايدىغان تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇردۇق. خەلق ئاممىسىنىڭ مائارىپتىن ئېرىشىش تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار مائارىپىدىن تارتىپ ئاسپىرانتلار مائارىپىغىچە ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شەھەرگە كىرىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىدىن بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن، شۇ جايدا ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىھانىغا قاتنىشىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، مېيىپ بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى % 90 تىن ئاشتى، يېزا ۋە نامرات رايونلاردىن نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەخسۇس تۈر پىلانىنىڭ تۈرتكىسىدە 370 مىڭ يېزىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلاندى. مەملىكەت بويىچە ئۈچتىن ئىككى قىسىم ناھىيەدە مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەكشى تەرەققىي قىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. كەسپىي مائارىپ، پۇقرالار مائارىپى، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئىلىم ئىستىكىدىكىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تاللاش پۇرسىتى يارىتىلدى. مائارىپ ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مائارىپ يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ «ئاساسىي گەۋدىسى» ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇزۇلۇپ، «ئومۇمىيۈزلۈك ئىچىنى زىننەتلەش قۇرۇلۇشى» باسقۇچىغا كىردى. بىر تۈركۈم بەلگە خاراكتېرلىك، يېتەكلەشچانلىققا ئىگە ئىسلاھات تەدبىرلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىندى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيانقى ئەڭ سىستېمىلىق، ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان بىر قېتىملىق ئىمتىھان ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى يەنى 2017 - يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى شاڭخەي بىلەن جېجياڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويدى. جۇڭگو مائارىپىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىر كۈچى داۋاملىق ئېشىپ، 190 غا يېقىن دۆلەت ۋە رايون بىلەن مائارىپ ھەمكارلىقى مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى، 47 دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئوقۇش تارىخى ۋە ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش كېلىشىمى ئىمزالاندى، 140 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندا 500 دىن ئارتۇق كۇڭزى ئىنستىتۇتى، 1000 دىن ئارتۇق كۇڭزى دەرسخانىسى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى، ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇيدىغان نىشان دۆلىتىگە ئايلاندى.

«ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولۇش» تىن «ياخشى مەكتەپتە ئوقۇش» قا، مائارىپتا چوڭ دۆلەت بولۇشتىن مائارىپى كۈچلۈك دۆلەت بولۇشقا قاراپ قەدەم ئېلىنىپ، جۇڭگو مائارىپى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا، بىز چوقۇم پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئاڭلىقلىقىمىز ۋە قەتئىيلىكىمىزنى بوشاشتۇرماي، «تۆت ئىشەنچ »ىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز، تېخىمۇ يۇقىرى سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، تېخىمۇ كەڭ نەزەر دائىرە بىلەن، تېخىمۇ كۈچلۈك مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز، مائارىپنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئۈچۈن قەتئىي بوشاشماي تىرىششىمىز كېرەك .

## 2. مائارىپ يېڭى مۇساپىسى يېڭى ئىدىيەسىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى پارتىيەنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىپ

بېكىتىلدى. بۇ پارتىيەنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنىڭ يەنە بىر قېتىم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋر شارائىتىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلمىي بولغان يېتەكچى نەزەرىيە بىلەن تەمىنلىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مائارىپقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار مۇھىم سۆزلەرنى قىلدى، بىر قاتار يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆزقاراش، يېڭى ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، جۈملىدىن: ئىستراتېگىيەلىك ۋە ئومۇمىيلىق يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، مائارىپنىڭ تارىخىي ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مائارىپتا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئۇل قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئومۇمىيلىقى ئاساسىدا، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى؛ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، مائارىپتا خەلقنى مەركەز قىلىش تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى؛ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى تارىخىي قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلەش ئاساسىدا، جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇراتقان جۇڭگو يولىدا مېڭىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تۈپ كاپالىتى قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ مائارىپنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ نەزەرىيە سىستېمىسىنى موللاشتۇردى، مائارىپتا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنى ئاساسىي قوللانما بىلەن تەمىنلىدى.

مائارىپ سىستېمىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيە ۋە روھنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق مېڭىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا ئۇنى مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مۇقىم ئېلىپ بېرىلىشىدىكى بارلىق تەرەپلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتىنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ نېگىزلىك مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك. مائارىپ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى «بەشكە يۈزلەندۈرۈش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، ئۇنى مائارىپ ساھەسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. ئىلمىي تەتقىقاتقا ئېلىپ كىرىش جەھەتتە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلارنى مەخسۇس تېما بويىچە تەتقىق قىلىپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتكە، تېرەنلىككە، تەسىر كۈچىگە ئىگە نەزەرىيە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئىلىم ـ پەنگە ئېلىپ كىرىش جەھەتتە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزم نەزەرىيەسى قاتارلىق بىرىنچى دەرىجىلىك پەنلىرى ئىچىدە شى

جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى تەتقىقات يۆنىلىشى تەسىس قىلىپ، ئىلمىي شەرھلەپ ۋە توغرا چۈشەندۈرۈش كېرەك. دەرسخانىغا ئېلىپ كىرىش جەھەتتە، «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى كونسپېكتى» نى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنى نۇقتىلىق دەرسلىك قىلىش كېرەك. تەربىيەلەشكە ئېلىپ كىرىش جەھەتتە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى مائارىپ سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجە، ھەر تۈرلۈك تەربىيەلەشنىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنى قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك. ئوقۇشلۇقتا ئېلىپ كىرىش جەھەتتە، تۈر ئايرىمىسى بويىچە، تەشكىللىك ھالدا كونسۇلتاتسىيە ئوقۇشلۇقى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

## 3. مائارىپ يېڭى مۇساپىسىدىكى يېڭى زىددىيەتنى مەركەزلىك ھەل قىلىش كېرەك

پارتىيە 19 ــ قۇرۇلتىيىدا، ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەرگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئومۇمىيلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆكۈم، ئۇ يېڭى دەۋردە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بېكىتىشنى تۈپ ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مائارىپ خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. كۆپ يىللىق تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە، دۆلىتىمىز مائارىپىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى، لېكىن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت. ھازىرقى باسقۇچتا، «ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولۇش» مەسىلىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى، لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە، ئىندىۋىدۇئاللاشقان، كۆپ خىللاشقان، ئۆمۈرلۈكلەشكەن ئۆگىنىش ئېھتىياجى تەدرىجىي ھالدا ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيەسى دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ھالدىن يۇقىرىراق سەۋىيەسىگە يەتتى، لېكىن ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار مائارىپى، ئالاھىدە مائارىپ، ئۆمۈرلۈك مائارىپ يەنىلا ئاجىز ھالقا، شەھەر ـ يېزىلار ئارا، رايونلار ئارا، مەكتەپلەر ئارا، كىشىلەر ئارا مائارىپ پەرقى يەنىلا مەۋجۇت. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسى ۋە يۇقىرى سەۋىيەدە خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىشتا، يېڭى ئاساسىي زىددىيەتنى، يېڭى زىددىيەتنىڭ مائارىپقا قويغان يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش كېرەك.

ئومۇمىي ئورۇننى توغرا بەلگىلەش كېرەك. پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا، مائارىپنى كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىكەنلىكى تەكىتلەندى. بۇ يېڭى ئورۇننى پۇختا تۇتقا قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا مائارىپنى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشكە قويۇپ ئويلىشىش، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى قاتارىغا قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ ئارزۇسى قاتارىدا پىلانلاش، مائارىپنىڭ ئۇلۇغ، يېتەكچىلىك، ئومۇمىيلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي تەلەپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش، مائارىپ ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش، خەلق رازى بولغۇدەك مائارىپ بەرپا قىلىش ئومۇمىي ۋەزىپىسىنى تاماملاش كېرەك. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك

ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاقلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇانىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئىنقىلاب مەدەنىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىي تونۇشى ۋە ھەرىكەت ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. مائارىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سापا مائارىپىنى تولۇق يولغا قويۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا مائارىپ خىزمىتى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ۋەزىپىلەرنى ياخشى، تولۇق ئورۇنداپ، ئىلگىرى ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئاساسىدا، چوقۇم « تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش خاتىرىسى» ، « كۆڭۈلدىكىدەك ئەسەرلەر خاتىرىسى» نى ياخشى يېزىش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، شىجائەتنى ئىپادىلەپ، تېخىمۇ ئۇرغۇتۇش، تېخىمۇ كۆپ مائارىپ « قىزىل بولاق» لىرىنى تارقىتىپ، «خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە»لەرگە ياخشى جاۋاب بېرىش كېرەك. شەھەر ـ يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «يېزا ـ كەنتلەر ئاجىز، شەھەر ـ بازارلار قىستاڭ» بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كەنتلەردە كىچىك كۆلەمدىكى مەكتەپ ۋە يېزا ـ بازارلاردا ياتاقلىق مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا مەملىكەت بويىچە ناھىيە تەۋەسىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار مائارىپى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ناھىيەنى بىرلىك قىلغان ئاساستا باللار باغچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى ياخشى تۈزۈش، شەھەر ـ بازارلار ھەمدە ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك يەسلى مائارىپى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، شۇنداقلا ئۇلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باللار باغچىلىرىنى قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە باشقۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئالاھىدە مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئادەتتىكى مەكتەپلەردە يىللىقلار بويىچە ئوقۇش، ئالاھىدە مەكتەپلەردە ئوقۇش، ئائىلىگە بېرىپ ئوقۇتۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق مېيىپ باللار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇپ، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا ھەر بىر ئۆلكىدىكىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى 95% تىن ئاشۇرۇش كېرەك. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى بايلىقى كۆلىمىنى زورايتىپ، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، ھەر بىر ئۆلكىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى % 90 تىن ئاشۇرۇش كېرەك. تور مائارىپىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى چوڭقۇر بىرىكتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوقۇغۇچىلار مەركەز قىلىنغان ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مەكتەپلەر بىلەن كارخانىلارنى ھەمكارلاشتۇرۇش كېرەك، ئەخلاق بىلەن ماھارەتنى تەڭ يېتىلدۈرۈش، ئىشلەش بىلەن ئوقۇشنى بىرلەشتۈرۈشتەك كەسپىي مائارىپ ئادەم تەربىيەلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى پەنلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئالىي مائارىپنىڭ ئىچكى

ئامىللىق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا مەبلەغ ياردىمى بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا بولمىغان، بولۇپمۇ تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ياردەم بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قالماسلىقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللاپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پەرقلىق يۆلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، پۇقراۋى مائارىپنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق پەزىلىتى، ئوقۇتقۇچىلىق ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنى ۋە تەمىناتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئۈزلۈكسىز مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپلەر، كەسپىي ئالىي مەكتەپلەردە خىزمەتتىكى خادىملار ۋە بىرىنچى سەپتىكى ئەمگەكچىلەرگە يۈزلەنگەن تەربىيەلەشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مەھەللە مائارىپى ۋە ياشانغانلار مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆگىنىش تىپىدىكى شەھەر، ئۆگىنىش تىپىدىكى كارخانا، ئۆگىنىشچان ئائىلە بەرپا قىلىپ، پۈتكۈل خەلقنىڭ ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش لازىم. يېڭى تەلەپلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى ۋەزىپىنى تاماملاپ، «تەرەققىياتتا ئادىللىقنى، ئىسلاھاتتا تۈزۈلمىنى، بىخەتەرلىكتە مەسئۇلىيەتنى، ئومۇميىلىقتا سەۋىيەنى، كاپالەت بېرىشتە پارتىيە قۇرۇلۇشى»نى چىڭ تۇتۇشتەك خىزمەت تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. تەرەققىيات، ئىسلاھات، بىخەتەرلىك، ئومۇميىلىق، كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى ۋە ئاچقۇچى قىلىش كېرەك. ئادىللىق، تۈزۈلمە، بۇرچ، سەۋىيە، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى خىزمەتلەرنىڭ تىرىشىش نۇقتىسى، كۈچەش نۇقتىسى قىلىش، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئىلگىرى سۈرۈلگەن، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ماس راۋاجلاندۇرۇلغان، ئۈنۈملۈك يۈرۈشلەشكەن ئومۇمىي مائارىپ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

## 4. مائارىپ يېڭى مۇساپىسىنىڭ يېڭى كەيپىياتىنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىش كېرەك

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكىنىڭ دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ئىكەنلىكى تەكىتلەندى. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپقا بولغان رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، پارتىيەنىڭ مائارىپقا بولغان رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. «تۆت ئاڭ» ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ،سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يول جەھەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن

يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تەرەققىياتى يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىشىمىز كېرەك. ئىدىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. كەڭ كادىرلار، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، غايە - ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىشى، پارتىيەنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيە - سىياسىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە سىياسىي خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باشتىن- ئاخىر سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەيدىغان مۇستەھكەم بازا بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش كېرەك. ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىش كېرەك. تەربىيەلەشتە قاتتىق بولۇش، باشقۇرۇشتا قاتتىق بولۇش، قاتتىق تەلەپچان بولۇش، قاتتىق نازارەت قىلىش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈشتە قاتتىق بولۇش كېرەك، پارتىيە ئىنتىزامىنى قەتئىي تۇرغۇزۇش، قاتتىق تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، مائارىپ سىستېمىسىدا دۇرۇس سىياسىي ئېكولوگىيە ۋە ئادەم تەربىيەلەش مۇھىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

تەرجىمە مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 08 ـ 017 ـ 01(2018) 5878 ـ 1005

# يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ـــ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى*

خۇاڭ جىن

زامانىۋى ئالىي مەكتەپ تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاكتىپلىق ھالدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەدەنىيەت خاسلىقى»نى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، روھىي كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئاكتىپلىق ھالدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەدەنىيەت ئىقتىدار»ىنى كۈچەيتىش لازىم.

بايلىق تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئاكتىپلىق ھالدا ئالىي مەكتەپلەرنى «مەدەنىيەت ئارقىلىق يېتەكلەش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ قۇرۇلتىيىدا: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخىنى مەنبە قىلىپ بارلىققا كەلگەن جۇڭخۇا ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى پارتىيە رەھبەرلىكىدە خەلقنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتتا ياراتقان ئىنقىلاب مەدەنىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈلگەنلىكى ھەمدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە يىلتىز تارتقانلىقى تەكىتلەندى. ئۇ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن: «مەدەنىيەت ـــ بىر دۆلەت ۋە بىر مىللەتنىڭ روھى. مەدەنىيەت گۈللەنسە، دۆلەت گۈللىنىدۇ، مەدەنىيەت كۈچەيسە، مىللەتمۇ كۈچىيىدۇ. يۈكسەك مەدەنىيەت ئىشەنچى بولمىسا، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشى بولمايدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىمۇ بولمايدۇ». «مەدەنىيەت ئىشەنچى بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى تېخىمۇ ئاساسىي، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان كۈچتۇر» دەپ كۆرسەتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى زور يۈكسەكلىككە ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، شۇنداق بولغاچقا، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن بىر قاتاردا پارتىيە نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ پۈتۈن پارتىيەنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا ئائىت بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئىگىلىشىگە پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئېلىمىز ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەلىپىنى، بۈگۈنكى دەۋر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 1. ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆگىنىش ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت يۆنىلىشىنى يېتەكلەشتىن ئىبارەت قوش قىممەتكە ئىگە

مەدەنىيەت ئىشەنچى دەۋرگە ئېتىبار بىلەن قاراش ۋە قىممەت يېتەكلەشتە ئەكس ئېتىدۇ.

---

*بۇ ماقالە جۇڭگو ئالىي مائارىپى ژۇرنىلى(中国高等教育) نىڭ 2017 ـ يىللىق 23 ـ سانىدىن ئېلىندى. .

تەرجىمە قىلغۇچى: راھىلە ئالىم، ئۆمەر داۋۇت.

مەدەنىيەت بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ رامكىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە مەنا سىستېمىسى ئارقىلىق دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە دۇنيانى تەشكىللەيدۇ، ئۆزى ۋە ئۆزگىنى باھالاش ئارقىلىق، كوللېكتىپلىق سالاھىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى ئارقىلىق كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ ھەم رىغبەتلەندۈرۈش ياكى چەكلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپچىلىكتە نىشان بىردەك بولۇشتەك ھەرىكەت قىلىنامىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ باغلاش رولى ئەمەلىيەت، نەزەرىيە ۋە تۈزۈمنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، مەدەنىيەتكە تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان كۈچ بەخش ئېتىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «كۆپلىگەن كىشىلەر، مەيلى ئىنسانشۇناس بولۇش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى مەدەنىيەتنىڭ بىزنى قورشاپ تۇرغانلىقىنى، بىزگە مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ خۇددى ئىمارەتنىڭ ئۇلىغا ئوخشاش بىزنى تىرەپ تۇرىدۇ. ئىمارەت سېلىنغاندىن كېيىن، سىز ئۇنىڭ تۈۋرۈكى، لىمى ۋە پولات چىۋىقلىرىنى كۆرەلمەيسىز، لېكىن بۇلار كەم بولسا ئىمارەت ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ». 19 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكە ئائىت بايانىدا، بىر ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە كۈرەش قىلىش مۇساپىسىدە جۇغلىغان مەنىۋى كۈچى نامايان قىلىنىدى.

مەدەنىيەت، ئوخشاشلا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يادروسى ۋە جېنى، ئۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ ماسلىشىشىنى بار كۈچ بىلەن قوغلىشىش ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، زامان خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشكە ئاكتىپ ماسلىشىش ئارقىسىدا تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بۇلار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. مەدەنىيەت ئىشەنچى مىللەتنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ توغرا چۈشىنىش، تېخىمۇ يۈكسەكلىكتە بىلىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەدەنىيەت ئىشەنچى» دېگەن بۇ تېما ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئۆزگە ئىشىنىش ئېڭىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىرگەن، مەدەنىيەت زور گۈللەنگەن، زور تەرەققىي قىلغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئالىي مەكتەپلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىق قىلغۇچىسى، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېتەكچى قىممەتنىڭ ئىجرا قىلغۇچىسى بولۇپ، ئۆزىدىكى مەدەنىيەتنى ئويغىتىدىغان ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان قوش قىممەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى: بىرىنچىدىن، «مەدەنىيەت ئىشەنچى» دىكى «مەدەنىيەت» نىڭ مەنىسى ئابستراكت ئەمەس، كونكرېت بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى مۇئەييەن مەدەنىيەتكە تەۋە تارىخ قارىشى ۋە قىممەت قارىشىدا ئەكس ئېتىدۇ. يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى ۋە تۈزۈم ئىشەنچىگە بىزنىڭ مۇستەھكەم مەدەنىيەت ئىشەنچىمىز سىڭدۈرۈلگەن. بىز خەلقئارادا جۇڭگو ھېكايىلىرىنى سۆزلىگىنىمىزدە، ھەمىشە گەپنى جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن باشلايمىز. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، مۇشۇنداق يولدا مېڭىشقا تولۇق ئاساسقا، جۇملىدىن تولۇق پاكىتقا، يەنى مەدەنىيەت پاكىتىغا ئىگىمىز. بۇ جەھەتتە، بىز ئۆزىمىزگە تولۇق ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىش يۈزلىنىشىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەدەنىيەتنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى بىلەن خاسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ بارغانسېرى

كەسكىنلىشىدۇ. ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر ئوخشاش بولمىغان مىللىي مەدەنىيەت ۋە مۇھىتتا يېتىلىپ تارتىپ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى بەرپا قىلغانلىقتىن، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ داۋاملىشىشى، ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا زور رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ ھەم ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتمۈشى، رېئاللىقى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە قارىتا بىر قەدەر ئېنىق تونۇش ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، يېڭى مۇھىت، يېڭى دەۋردە يېڭى مەدەنىيەتنىڭ قايتا بەرپا قىلىنىشىغا ماسلىشىپ، بىر قەدەر كۈچلۈك ئۆزلۈك ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ ۋە ھەرىكەت بۇرچىغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەڭ ئالىي سورۇن بولالىشى كېرەك. ئۇچىنچىدىن، «مەدەنىيەت ئىشەنچى» نوقۇل ھالدىكى شەخسنىڭ ئىشەنچى بولۇپ قالماي، بەلكى «مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋى مەدەنىيەت» بولۇپ، ئۇ پەقەت يەككىنىڭ ئىشەنچىدىن توپنىڭ ئىشەنچىگە ھەم مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچىگە ئايلانغاندىلا، جەمئىيەتنى ئالغا يېتەكلەپ، مىللەتنىڭ روناق تېپىشىدىكى ئىلغار مەدەنىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ، مانا مۇشۇنداق مەدەنىيەتلا «زور تەسىر قوزغاپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىدە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ» ھەم «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كۈچى» بولالايدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر خەلقئارا بىلىم سىستېمىسىدىكى ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ قالسا، كېيىن مۇستەملىكە قىلىش قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا يەرشارىلىشىش جەريانىدا يوشۇرۇن مەدەنىيەتنىڭ تاجاۋۇزىغا تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك، مۇشۇنداق «مەدەنىيەت»نىڭ مەزمۇنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەدەنىيەت ئىشەنچى»نىڭ ئەقلىي يولىنى بەلگىلەپ، ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتىنىڭ پائال ئۆزگىرىشى، يۈكسىلىشى ۋە ئەمەلىيىتىدە مۇقەررەر تاللاشقا ئايلىنىدۇ.

## 2. ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتى ئۆزگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش بىلەنلا قالماي، يەنە سوتسىيالىستىك قىممەت قارىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك

«باشقىلارنى گۇمان قىلدۇرماي دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭدە ئىشەنچ بولسۇن»، مەدەنىيەت ئىشەنچى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى، دىپلوماتىيە ۋە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشتىكى تىرەك بولۇپلا قالماي، چوڭ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تېخىمۇ ئاساسلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان كۈچ. پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ماددىي جەھەتتىكى گۈللىنىش بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى مەنىۋى جەھەتتىكى گۈللىنىش. ئەگەر گۈللىنىش يولىغا قاراپ مېڭىۋاتقان جۇڭخۇا مىللىتىنى بىر ئادەمگە ئوخشاتساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ كۈچىيىشى تەن ۋە روھتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنىۋى كۈچى بىلەن قىممەت قارىشىنى ئاجايىپ زور تەسىر كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتى ئىجتىمائىي ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى تاماملاپلا قالماي، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ رېئال تەلىپىگە ئاساسەن ئىجتىمائىي يېتەكچى قىممەت قارىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بېيىشتىن كۈچىيىشكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ يۈكسىلىشنى

كۆتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى دەۋردە، ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئالدىدا مېڭىپ، مەسئۇلىيەتچانلىقتا ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

**1) ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيەت ئىشەنچى جەھەتتە ئومۇملۇققا ئىگە بولۇشى لازىم**

يېڭى دەۋر جۇڭگو مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ھېكايە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى مەدەنىيىتىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى چۈشەندۈرۈش، تەھلىل قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. قوبۇل قىلىش قاتلىمى بىر «خەلقچىل»لىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى، يەنى «ئاممىۋى مەدەنىيەت» بىلەن «سەرخىل مەدەنىيەت» ئايرىلاشقان بولۇشى كېرەك. ئاممىۋى مەدەنىيەت بىر خىل «ئاممىباب مەدەنىيەت» بولۇپ، ئۇ شەكىللەنگەن ھامان تېز سۈرئەتتە تارقىلىدۇ، تەسىر دائىرىسىمۇ كەڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ «تېزلىكى» ھەمىشە مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە بولىدۇ، لېكىن ئىجتىمائىي يېتەكچى قىممەت قارىشىدىن چەتنەپ، مۇئەييەن بەلگىلىمە ۋە پىرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىسا، ئاسانلا قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت قارىشى، ئەخلاقىي بىلىش جەھەتتە تەرتىپسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ سەرخىل مەدەنىيەت تەييارلىقى بولغان بىر خىل «ئېسىل مەدەنىيەت» بولۇپ، شەخسنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى مۇئەييەن ئادىمىيەت ساپاسى ۋە تەربىيەلىنىشكە، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تىل شارائىتى جەھەتتە دەسلەپكى ئاساسنى سېلىشىغا موھتاج بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا يۇقىرى سەۋىيەلىك قوبۇل قىلىش ھالىتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنچىل ھالدا «سەرخىل مەدەنىيەت» دېگەن ماركا چاپلانغان ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتى «ئۆزىگە ئىشىنىش»ى، ئاقلانىلىك بىلەن قايتا ھاسىل قىلىنىشى كېرەك. يەنى «سەرخىل مەدەنىيەت» ئارقىلىق ئاممىباب مەدەنىيەتنىڭ قىممەت ئۇسلۇبىنى يېتەكلەيدىغان ۋە يۈكسەلدۈرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتى قوبۇل قىلغۇچى ئاممىنىڭ مەنىۋى ماكانىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «ئاممىباب مەدەنىيەت»كە ئوخشاش ئارتۇقچىلىقلارنى كۆپ قوبۇل قىلىپ، مەكتەپ سىرتىدىكى رېئال تۇپراققا سىڭىپ كىرىپ، توختاۋسىز ھالدا تېخىمۇ كۆپ ئۇزۇقلۇق قوبۇل قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى جارى قىلدۇرغىلى، يەنى تاشقى دۇنياغا ئېتىبار بىلەن قاراپ، رېئاللىققا ئەھمىيەت بەرگىلى، كىشىلەرگە ئاداققىچە غەمخورلۇق قىلىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تەنقىد قىلغىلى، نازارەت قىلغىلى، يۈكسەلدۈرگىلى ۋە يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

**2) ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيەت ئىشەنچىدە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش لازىم**

يولداش ماۋ زېدوڭ يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە دېگەن ئەسىرىدە: «مۇئەييەن مەدەنىيەت مۇئەييەن جەمئىيەتكە خاس سىياسىي ۋە ئىقتىسادنىڭ ئىدېئولوگىيەدىكى ئىنكاسى» دەپ كۆرسەتكەن. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرىدە، مەدەنىيەت ساھەسىدە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى سىياسىينىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشىنى، پەن - تېخنىكىنىڭ خەلقئارالىشىشىنى ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى تېزلەتتى، سىڭىپ كىرىش كۈچى زور بولغان ھەر خىل يېڭىدىن گۈللەنگەن ۋاستىلەر «ئەسلىدىكى ئېكولوگىيە»نى سىقىپ چىقاردى، ھەتتا بۇرمىلانغان مەدەنىيەت مەنزىرىسىنى تېز سۈرئەتتە پەيدا بولدى. بىر مەشھۇر پېداگوك تەشۋىشلەنگەن ھالدا «ھازىر، ئىدىيە دېرىزىسىنى ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، لېكىن دېرىزىنىڭ سىرتىدا گۈللەر كۆپ بولسىمۇ، ئەخلەتمۇ ئاز ئەمەس» دېگەن. ئالىي مەكتەپلەرنى ساقلانغىلى بولمايدىغان غەيرىي «قىممەت ھادىسىلىرى» قاپلىماقتا. «مەدەنىيەت

تاجاۋۇزى» ۋە «غەربنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلەشتۈرۈش» يوشۇرۇن دولقۇنىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، يېڭى تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ تارقاتقان بەزى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ غەرەزلىك ھالدا «قىممەت ئايرىش» ۋە «قىممەت ئۆزگىرىشى»قىلىشى، ئەخلاق نىسپىيچىلىكىگە چاپلانغان «كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش» ماركىلىرى شەخس ئېڭى ئەۋج ئالغان 80 ـ، 90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى توپىنىڭ قىممەت تونۇشىدا ئاسانلا قېيىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى..... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتى ھەم باھالاش سىستېمىسىنى قېلىپتىن چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتىدە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى پائال ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېچىۋېتىلگەن، سالماق نەزەر بىلەن «ئىمپورت قىلىنغان مال»لارنى تەنقىدىي ھالدا تاللاش ۋە قوبۇل قىلىشقا يېتەكلەپ، شۇ ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچى، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشتىكى توغرا يۆنىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

**3) ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت ئىشەنچى يېتەكلەش كۈچىگە ئىگە بولۇش كېرەك**

مەدەنىيەت بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ گەۋدىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە مەنا سىستېمىسى ئارقىلىق دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە دۇنيانى تەشكىللەيدۇ، ئۆزى ۋە ئۆزگىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ، كوللېكتىپلىق سالاھىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتتى ئارقىلىق كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ ھەم رىغبەتلەندۈرۈش ياكى چەكلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپچىلىكتە نىشان بىردەك بولۇشتەك ھەرىكەت قىلىنامىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ باغلاش رولى ئەمەلىيەت، نەزەرىيە ۋە تۈزۈمنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ، لېكىن ئالىي مەكتەپلەر جەمئىيەتنىڭ تارماق سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نۆۋەتتىكى ئالىي مائارىپنىڭ ئاممىۋىلىقى ۋە كۆپ خىللىققا قاراپ راۋاجلىنىشى، ئۇنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئورنى، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتلىمى ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتىكى ئورنىنى قايتىدىن بېكىتىدۇ، بۇ جەريان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى تەڭشەش ھەمدە مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن ماسلاشتۇرۇشقا چېتىلىدۇ، بۇ يەنە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەنپەئەت تەقسىمات سۇبيېكتىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن مۇلازىمەت گەۋدىسىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتىدىمۇ تۈرلۈك قاتلام ۋە ساھەلەرنىڭ قىممەت يۆنىلىشى ۋە باھا ئۆلچىمى جەھەتتىكى پەرقى كېلىپ چىقىدۇ. بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مۇنداق دېيدۇ: «بىز قىممەت تەقلىدى كەمچىل دەۋردە تۇغۇلۇپتىمىز، ھاياتىمىزدا بىزگە ئۈلگە بولىدىغان قەھرىمان يوق، ئىلىم تەھسىل قىلىشتىمۇ ئۈلگە بولىدىغان پىر ئۇستاز يوق»، بۇلار دەۋرىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى «كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق»نى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېتەكلەش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە جەلپكارلىقىنى يوقىتىشىدىن ھوشيار تۇرۇشى، ماددىي ئۆزگىرىشنى قوغلاشقاندا، ئىجتىمائىي يېتەكچى قىممەت قارىشى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تۇتىشىشىنى پائال تاملاپ، ئالىي مەكتەپ مائارىپىدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ماسلاشتۇرۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتىنىڭ يېتەكلەش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ

## 3. مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش لازىم

يۇقىرىدىكى ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەدەنىيەت ئىشەنچى»نى ئەمەلگە

ئاشۇرۇش، ئۆزىنى قايتا تەشكىللەش ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلىش، تاللاش، يېتەكلەشنىڭ دىيالېكتىكىلىق بىرلىكىدىكى جاپالىق جەريان. ئۆزلۈكسىز «ئۆزىنى قايتا يارىتىش» بىلەن «باشقىلارنى قايتا يارىتىش» داۋامىدا، ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتى كۈچىنىڭ «بۇرمىسىمان ئۆرلىشى» توغرىسىدا ئىزدىنىش كېرەك، بۇ جەرياننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

**1) زامانىۋى ئالىي مەكتەپ تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەدەنىيەت خاسلىقى»نى ئاڭلىق شەكىللەندۈرۈش كېرەك**

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەدەنىيەت خاسلىقى» «مەدەنىيەت ئىشەنچى»نىڭ مۇھىم نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆز بۇرچىنى تونۇش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەنىۋى قىممەت ئەنئەنىسى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتى بىر تەرەپتىن، مەنىۋى قىممەت ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يادرولۇق قىممەت ئىنتىلىشىنى ساقلىسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دەۋر رىتىمىنى ئىگىلەپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىشقا پائال قاتنىشىپ، يېڭىچە قىممەت قارىشى يارىتىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك مەنىۋى تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان تۈزۈم كاپالىتى بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا سەي يۈەنپېي ئەپەندى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا فاكۇلتېت ۋە بۆلۈملەرنى تەڭشىمىگەن، دەرس ۋە ئوقۇش مۇددىتىنى ئىسلاھ قىلمىغان، ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش ۋە باھالاشنى تۈزۈم لايىھەلەشتە كاپالەتكە ئىگە قىلمىغان بولسا، غەرب ئەللىرىدىن كۆچۈرۈپ كەلگەن ئالىي مەكتەپ تۈزۈلمىسى ھەرگىزمۇ ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپ تۈزۈمىگە تەرەققىي قىلالمىغان بولاتتى، «ئىدىيەدە ئەركىن بولۇش، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش»تەك تەكلىپلەر قەغەز يۈزىدىلا قېلىپ، ئاڭلىق ھالدا كونىلىقنى تاشلاپ، يېڭىلىققا يۈزلىنىشمۇ بولمىغان بولاتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشى بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىردەكلىككە ئىگە: ئالىي مەكتەپ تۈزۈمى ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتىنىڭ مۇجەسسەملىشىشى ۋە كونكرېت ئىپادىسى. ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتىدە يېڭىلىق يارىتىش ئالىي مەكتەپ تۈزۈمىدە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتى مۇشۇ ئاساستا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تولۇق ئېتىبار بېرىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئامىللارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ قېزىپ چىقىشى، دەۋر تەلىپىگە ماس كېلىدىغان مىللىي روھ ۋە مىللىي ھېسسىياتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە يېتىشتۈرۈش لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «سىرتقا چىقىرىش»، دۇنيا مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆرنەك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن تولۇق ئۇچرىشىش ۋە ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشتا «ئېلىپ كېلىش»تە دادىل بولۇپ، «ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

**2) سىجىل تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەدەنىيەت فۇنكسىيەسى»نى ئاڭلىق ھالدا كۈچەيتىش كېرەك**

كانتنىڭ مەدەنىيەتنى چۈشەندۈرۈش تەلىماتىغا سېلىشتۇرغاندا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەدەنىيەت ئىشەنچى» ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان توغرا دەلىل ئىسپاتىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىچكى خاسلىقىنىڭ پائالىيەت جەريانىنىڭ ئىنكاسى

بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى دەلىل ئىسپاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «سىجىل بولۇش» مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، «مەدەنىيەت ئۈزۈكچىلىكى» ئاخىرىدا سۇسلىشىش ۋە يوقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر تارىخىي مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ، شۇڭا ئۇنىڭ يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى تۇتاشتۇرۇشتىكى تۈگۈنلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئالىي مەكتەپلىكلەر» «جەمئىيەتتىكىلەر» ئۈزۈۋەتكەن مەدەنىيەت ھالقىلىرىنى ئاكتىپ ھالدا ئۇلاشقا مەسئۇل بولۇپ، تارىختىن ھازىرغىچە بولغان مەدەنىيەتنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە بولغان بەزى ئېھتىياجى قانائەتلەنمىگەندە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا تەكشۈكسىز ھالەت كېلىپ چىقىدۇ. تارىخقا نەزەر سالساق، گەرچە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەكشۈكسىزلىكى مۇتلەق بولسىمۇ، تەكشۈكلۈكى نىسپىي بولىدۇ. لېكىن ئالىي مەكتەپلەر «تارازا»لىق رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ تەكشۈكلۈكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشى، كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتى زور ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى سىلجىتكۈچى ۋە يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتىدە شەخس ئېھتىياجىنى تولۇق ھۆرمەتلىگەن ۋە ئۇنى تىرىشىپ زورايتقان ئاساستا، يۈكسەك، ئىلمىي، جەلپكارلىققا ئىگە روھىي نىشان ئارقىلىق ھەر بىر ئادەمنى مايىل قىلىپ، ئورتاق تىرىشىدىغان مەنىۋى كۈچنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۆزلۈكنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بۇ ئالىي مەكتەپلەر «مەدەنىيەت ئىشەنچى»نىڭ فۇنكسىيەلىك نامايەندىسى.

**3) بايلىق تەقسىماتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «مەدەنىيەت يېتەكچىلىكى»نى ئاكتىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم**

ئالىي مەكتەپلەر «پىل چىشى مۇنارى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، بۇ «دۇنيادىن ئايرىلغان تىلسىمات جاي، رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان تەركىدۇنيا جاي» دېگەن مەنىدە. بىراق ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپ تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيىتى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ مەركىزىگە كۆنسايىن يۈزلىنىپ، ئاۋام ئېتىراپ قىلغان مەدەنىيەت بەلگىسىگە ئايلاندى. جوڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، جوڭخۇا مەدەنىيىتى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، جوڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھىرىنى ئىجادچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىدىغان ۋە يېڭىلىق ياراتقان ھالدا راۋاجلاندۇرىدىغان مەدەنىيەت؛ ئۇ بۈگۈنكى جوڭگو رېئاللىقىدا پۇت تىرەپ، ئىنقىلابىي مەدەنىيەتنىڭ روھىي خاسلىقى ۋە دەۋر قىممىتىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىدىغان مەدەنىيەت؛ ئۇ بۈگۈنكى دەۋر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلىگەن مەدەنىيەت بىرىكمىسىدۇر. ئالىي مەكتەپلەر «مەدەنىيەت ئىشەنچى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ يېتەكلىشى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىشى ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى «ئۆزىگە ئىشىنىش»، «ئۆزىنى كۈچەيتىش»تىن ئىبارەت تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: بىرىنچىدىن، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت بايلىقىنى

بىرلەشتۈرۈپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى، دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆرنەك ئېلىش، نەزەرىيە، تۈزۈم ۋە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش، يېڭى بىلىم، يېڭى نەزەرىيە ۋە يېڭى ئىدىيەلەرنى بەرپا قىلىپ ۋە تارقىتىپ، ھاياتىي كۈچ ۋە زامانىۋىلىققا ئىگە مەدەنىيەت يۈكسەكلىكىگە ئۆرلەش؛ ئىككىنچىدىن، مائارىپنىڭ قىممەت كوردىناتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش ئىلمىي قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. جەمئىيەتكە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىغا، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ۋە مەدەنىيەت ئۇسلۇبىغا ئىگە ئىختىساسلىقلارنى ئۈزلۈكسىز تەربىيەلەپ بېرىش؛ ئۈچىنچىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئارقىلىق مىللىي روھنى يېتىشتۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەر خاس مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ئارقىلىق مەدەنىيەت تارقىتىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئەمەلىيىتىدە يېڭى دەۋر مەدەنىيەت مەيدانى ۋە مەدەنىيەت ئىنتىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا جۇڭگو روھى، جۇڭگو قىممىتى ۋە جۇڭگو كۈچىنى بەرپا قىلىپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلار ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنى مەنىۋى كۆرسەتكۈچ بىلەن تەمىنلەش لازىم.

**تەرجىمە مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

39 - يىللىق 1 - سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 39 卷第 1 期
2018 - يىلى 3 - ئاي　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2018 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 09 - 025 - 01(2018) 5878 - 1005

# مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرەيلى*

چيۇ يۈەن

پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېهتىياجى بىلەن تەڭپۇڭ بولمىغان، تولۇق بولمىغان تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئايلاندى» ، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ زور هۆكۈم دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىپ بېرىپ، نۆۋەتتىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى هەل قىلىشنىڭ تۈپ كۈچەش نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردە تەرەققىيات ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن توغرا نىشان كۆرسىتىپ بەردى. بۇ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇهىم نەزەرىيە نەتىجىسى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئومۇمىيۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ هەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنى توغرا ئىگىلەش، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ مۇهىم كاپالىتى

ماركسىزم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت، دەپ قارايدۇ. بۇ ئاساسىي زىددىيەتنىڭ هەرىكىتى ۋە تەرەققىياتى يەنە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەت جەمئىيەتنىڭ تۈپ زىددىيىتىنىڭ ماهىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىر خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيەنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچتىكى ئاساسىي ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە ئاساسىي زىددىيەتنىڭ كونكرېت ئالاهىدىلىكىنى توغرا ئىگىلەش هەم بۇنى ئاساس قىلغان هالدا ئىلمىي نەزەرىيە، توغرا لۇشيەن ۋە ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇش پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز هالدا غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىنىڭ مۇهىم كاپالىتى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ ماركسىزم نەزەرىيەسىگە قوشقان مۇهىم تۆهپىسى.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، گەرچە ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ هەرىكىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي كۈچ بولسىمۇ، بىراق ئۇ خاراكتېر ۋە رولىنىڭ شەكلى جەهەتتە چوڭقۇر ئۆزگىرىش هاسىل قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە سىنىپىي

* بۇ ماقالە ئىزدىنىش(求是) ژۇرنىلىنىڭ 2017 - يىللىق 24 - سانىدىن ئېلىندى.
تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەر داۋۇت، راهىلە ئالىم

قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ يوقىلىشى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئاز سانلىق كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلماستىن، كاپىتالنىڭ كۆپىيىشىگە بويسۇنۇپ، كۆپ قىسىم كىشىلەرنى بەختتىكە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، ئىنسانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىلگىرى ئېنىق قىلىپ: «كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ شۇنچە تېز بولۇشى ئىشلەپچىقىرىش بارلىق كىشىلەرنى باي قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەركىن تەقسىم قىلىنىدىغان ۋاقتى يەنىلا ئېشىپ بارىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ بارلىق مۇۋاپىق ئېھتىياجى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قاندۇرۇلىدۇ»، دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇنداق بولغاچقا، كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىيەلىك زىددىيەت ھەم ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش، ئىقتىسادىي كرىزىس، پۇلنى ھەممىسىن ئەلا بىلىش قاتارلىق بۇ چوڭقۇر ئىللەتلەرنى نېگىزىدىن يېگىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بېرىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ: «سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولسا كونا دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات خۇسۇسىيىتىگە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كونا دەۋرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان سۈرئەتتە تېز تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى تەدرىجىي قاندۇرىدىغان مۇشۇنداق بىر ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەن. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى نېگىزىدىن ئېيتقاندا دەل مۇشۇ جەھەتتە گەۋدىلىنىدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم مۇشۇ ئاساستا كىشىلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن خەلقنىڭ ئېھتىياجى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن كىشىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆزئارا ھەمتۈرتكە بولۇش سوتسىيالىزم جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلىدىغان، تىرەك بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ، ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەت ھەرىكىتىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ھەرىكىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ۋە بىر قاتار سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىق يوقىتىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئازاد بولدى. ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتتە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمى دەسلەپكى باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بىراق، دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىدا، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان شارائىتتا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان بولۇپ، ئىجتىمائىي ماددىي مەدەنىيەت

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى، قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ جارى قىلىنىشىنى ئېغىر دەرىجىدە چۇشەپ قويىدى. بۇنىڭغا قارىتا، پارتىيە سەككىزىنچى قۇرۇلتىيىدا ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلىندى ھەم «سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ ئىلغار سانائەت دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش تەلىپىنى قالاق يېزا ئىگىلىكى دۆلىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنى تېزلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنىڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت» دەپ كۆرسىتىلدى. 11-نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيەمىز دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، پارتىيە سەككىزىنچى قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنغا قارىتا ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلغاش ئېلىپ باردى ھەم ئېنىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز ھەل قىلىدىغان ئاساسىي زىددىيەت بولسا خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، شۇڭا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم شۇ ئاساستا كىشىلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تەدرىجىي ياخشىلاش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بۇ مۇھىم ھۆكۈم سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىگىلەپ، بىز دۇچ كەلگەن ئاساسىي مەسىلە، كۈرەش نىشانى ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىپ، ماركسىزمنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتىنى بېيىتتى ھەم تەرەققىي قىلدۇردى.

## 2. يېڭى دەۋردە ئېلىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۆزگىرىش

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، دۆلىتىمىز تەرەققىياتتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتتا يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىغا ئۆتتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا يېڭى دەۋر مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ ئاساسىي زىددىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا يېڭى بايان ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ پاكىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، تارىخ بىلەن ئەمەلىيەت، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق چىقىرىلغان توغرا يەكۈن بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور فاكچېن ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك

ئىستراتېگىيەنى بېكىتىشنىڭ مۇھىم ئاساسى. مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**1) مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيىتى توغرىسىدىكى يېڭى بايان يېڭى دەۋردە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى**

زامان تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، پارتىيە سەككىزىنچى قۇرۇلتىيىدا مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىغا 60 يىلدىن ئاشتى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەنگىمۇ 40 يىلچە بولدى، دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى، ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئىككى تەرىپىدە، يەنى خەلقنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىز بىر مىليارد نەچچە يۈز مىليون نوپۇسنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى مۇقىم ھەل قىلىپ، ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردى، ئۇزاققا قالماي ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلسا، خەلقنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى كۈندىن- كۈنگە كېڭىيىدۇ، ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇپلا قالماي، بەلكى دېموكراتىيە، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئادىل، ھەققانىي، بىخەتەر، مۇھىت قاتارلىق تەرەپلەرگە بولغان تەلەپ كۈنسېرى ئېشىپ بارىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ئومۇمىي جەھەتتىن روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى نۇرغۇن جەھەتلەردە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى، تېخىمۇ گەۋدىلىك مەسىلە دەل تەرەققىياتنىڭ تەكشى بولماسلىقى ۋە تولۇق بولماسلىقى بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى چەكلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى.

**2) مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيىتى توغرىسىدىكى يېڭى بايان مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەرەققىيات ئاساسىي تۈگۈنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى**

تەرەققىياتنىڭ تەكشى بولماسلىقى ئاساسلىقى ھەر قايسى رايونلارنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقىنىڭ مەملىكەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈشنى چەكلەپ قويىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تەرەققىياتنىڭ تولۇق بولماسلىقى ئاساسلىقى بەزى جايلارنىڭ، بەزى ساھەلەرنىڭ، بەزى جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ يېتەرسىزلىكىنى، تەرەققىيات ۋەزىپىسىنىڭ يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى باسقۇچتا ئېلىمىز تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقى، تولۇق بولماسلىقى كۆپ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تۆۋەن، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادىي سەۋىيەنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋەزىپىسى ئېغىر، يول ئۇزۇن، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدە تېخى بىر مۇنچە كەمتۈكلۈك بار، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن مۈشكۈل، يېزا - شەھەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىرىم تەقسىماتى جەھەتتە پەرق بىرقەدەر چوڭ، ئاممىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش، مائارىپ، داۋالىنىش، ئولتۇراقلىشىش، ياشانغاندا كۈتۈنۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇقۇشىمىز مۇمكىن؛ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سەۋىيەسى قاتارلىقلارنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە

توغرا كېلىدۇ. تەڭپۇڭ بولماسلىق ۋە تولۇق بولماسلىق ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ، بىراق ھازىرقى باسقۇچتا تەڭپۇڭ بولماسلىق مەسىلىسى تېخىمۇ روشەن بولۇپ، ئۇ گەۋدىلىك ھالدا رايون، شەھەر- يېزا، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تەڭپۇڭ بولماسلىق ۋە تولۇق بولماسلىق مەسىلىسىدىكى ئۆزئارا توقۇنۇش ھازىرقى باسقۇچتىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىگە ئايلاندى، شۇڭا بۇنى كېيىنكى باسقۇچتىكى خىزمەتنىڭ كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئامالنىڭ بارىچە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**3) مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەت توغرىسىدىكى يېڭى بايان مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەرەققىياتىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى كۆرسىتىپ بەردى**

«كىشىلەرنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشى دەل بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز»، بۇ پارتىيەمىز بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدە. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزى كومىتېتى خەلقنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ بەخت- سائادەتكە ئېرىشىشىنى، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق باي بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ سالماقلىق بىلەن ئىلگىرىلەشنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، پۇقرالار ئويلىغاننى ئويلاپ، پۇقرالار ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، توختىماستىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتتى. «قوش يۈز يىل» كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي ئالمىشىش باسقۇچىغا يۈزلەنگىنىمىزدە، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ئىككى باسقۇچتا قوش يۈز يىللىق كۈرەش نىشانىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى مۇھىم كۈرەش نىشانى قىلىپ، بىرىنچى باسقۇچتا «كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشاتلىققا تولۇش»، «كەڭ خەلق ئاممىسى ئورتاق بېيىشقا قاراپ مەزمۇت قەدەم ئېلىش»، ئىككىنچى باسقۇچتا «كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق بېيىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئېشىپ، دۆلىتىمىز پۇقرالىرى تېخىمۇ بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن، خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى تېخىمۇ ئاشىدۇ، تېخىمۇ كاپالەتلەندۈرىلىدۇ، تېخىمۇ سىجىللىشىدۇ. لېنىن تېخىمۇ چوڭقۇر قىلىپ: «بارلىق ئەمگەكچىلەرنى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشنى پەقەت سوتسىيالىزملا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. بىز سوتسىيالىزمنىڭ بۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىنى بىلىمىز، ماركسىزمنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچى دەل مۇشۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەنلىكىدە»، دەپ كۆرسەتكەن. ماركسىزم ھەقىقەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە شانلىق غايىسى بىزنىڭ بوشاشماي تىرىشىشىمىز ئارقىسىدا گۈزەل رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەت توغرىسىدىكى يېڭىچە بايان ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا باغلىغان ئەڭ يېڭى نەزەرىيە نەتىجىسى، ئۇ نەزەرىيەدە يارىتىلغان زور يېڭىلىق بولۇپ، يېڭى دەۋردە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىنى نەزەرىيە جەھەتتە يېتەكلەش رولىنى ئويناپ، زامانىمىز

جۇڭگودىكى ماركسىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەقلىي جەھەتتە تۆھپە قوشۇپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭىچە يول ئېچىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

## 3. مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى «ئۆزگىرىش» بىلەن «ئۆزگەرمەسلىك» نىڭ دىيالېكتىكىلىق بىرلىكى

مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمى تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچقا بولغان ھۆكۈممىزنى ئۆزگەرتمەيدۇ، دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۇزاق مۇددەت تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلىك ئورنىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بىز «ئۆزگىرىش» ۋە «ئۆزگەرمەسلىك»نىڭ دىيالېكتىك بىرلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى تېخىمۇ توغرا ئىگىلەپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

**1) سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ دۆلەت ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتتە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم**

بىز شۇنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارى 11 تىرلىيون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان بولسىمۇ، بىراق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى خەلقئارا ئوتتۇرىچە سەۋىيەنىڭ 80% گە توغرا كېلىدۇ؛ گەرچە 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، دۆلىتىمىز ھاللىق جەمئىيەتكە يېتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان تەقدىردىمۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى خەلقئارانىڭ ئوتتۇرا ھال سەۋىيەسىگە يېقىنلىشىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولۇپ قالسىمۇ، باي ـ قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش كۆرەش نىشانى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ناھايىتى زور ئارىلىق ساقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەن 40 يىل مابەينىدە، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى بەش يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ دۆلەت ئەھۋالىدىكى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىنىڭ ئىچكى مەنىسىنى تېخىمۇ توغرا ئىگىلەپ، خەلقئارا ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئۆزگىرىشىگە پائال ماسلىشىپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى تەلىپى، يېڭى ئىددىيەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى ياخشى ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشىنى قاندۇرۇشىمىز لازىم.

**2) پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتلىق يولى، خەلقنىڭ بەخت يولىنى مەھكەم ئىگىلىشىمىز لازىم**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىز پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ

مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن قۇرۇلۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن تەرەققىياتنى كۆزلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر مىليارد نەچچە يۈز مىليون كىشىنىڭ كىيىنىش ۋە تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيەگە يېتىپ، پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك نەتىجىلەرنى ياراتتۇق. پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي كاپالىتى بولۇپ، پۈتكۈل سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا سىڭدۈرۈلىدۇ. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ، دۆلىتىمىزنى باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، تەرەققىياتنىڭ ئومۇميۈزلۈكلىكى، ماسلىشىشچانلىقى، ئىمكانىيەتلىكلىكىگە ئېتىبار بېرىپ، خەلقنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىق ۋە تولۇق بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق ھەر تۈردىكى ئىشلارنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇپ، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئومۇمەن، مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەت توغرىسىدىكى يېڭىچە بايان ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلغاندىن باشقا، ئۇنىڭدا يەنە، «ئۆزگىرىش» ۋە «ئۆزگەرمەسلىك»نىڭ دىيالېكتىك بىرلىكىدىن ئىبارەت ئىزچىللىق ساقلانغان. بىز مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرۈشتىن باشقا يەنە، دۆلىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدەك ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۇزاققىچە تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت دۆلەت ئەھۋالىنى، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولۇشتەك خەلقئارالىق ئورنىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز؛ ھەم مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ماھىيىتىنى، يەنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنىڭ تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ كۆپ خىللىقتا، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەمگە، تېخىمۇ كۆپ قاتلاملىقتا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىغان ئۇسۇل - چارە، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە خىزمەت ئىدىيەسىدە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈشىمىز لازىم.

## 4. مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش لازىم

ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەت پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدۇ. قالاق

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن تارتىپ تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى، تولۇق بولماسلىقىنى ھەل قىلىش دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇق ئالاھىدىلىكىنى ھەم پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى يېڭىچە تەلەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنىڭ يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىگە قويغان يېڭى تەلەپلىرى بىلەن زىچ باغلاپ، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

**1) ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

دۆلىتىمىز ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا قاراپ يۈزلىنىپ، تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىگە كىردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى ۋە تولۇق بولماسلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. سۈپەت بىرىنچى ۋە ئۈنۈم يۇقىرى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنلىگۈچى تەرەپنىڭ قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئىسلاھاتىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتكۈل ئامىللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى ئەمەلىي ئىقتىساد ئۈستىگە قويۇپ، ئەمەلىي ئىقتىساد، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، زامانىۋى پۇل مۇئامىلە، ئادەم كۈچى بايلىقى ماس تەرەققىي قىلىدىغان كەسپ سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېڭىلىق يارىتىشتىكى يېتەكچىلىك ۋە تىرەكلىك رولىنى كۈچەيتىش لازىم. رايونلار ئارا ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ياخشى يولغا قويۇپ، رايونلار ۋە شەھەر - يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىچىكلىتىپ، تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە ماسلىشىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۈنۈملۈك بازار مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، مىكرولۇق سوبىستانسىيەنىڭ كۈچى بولغان، ماكرولۇق تەڭشەپ تىزگىنلەشنىڭ دەرىجىسى بولغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش كۈچى ۋە تەرەققىيات كۈچىنى قوزغىتىش لازىم.

**2) بەش بىر گەۋدە قۇرۇلۇشنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، خەلق ئاممىسى ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشقا يۇقىرى تەلەپلەرنى قويۇپلا قالماي، بەلكى دېموكراتىيە، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئادىل، ھەققانىي، بىخەتەرلىك ۋە مۇھىتقا بولغان تەلىپىمۇ كۈنسېرى ئاشتى. ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىق ۋە تولۇق بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا كەمچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تولۇقلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشىنى قانائەتلەندۈرۈش كېرەك. مۇھىت مەسىلىسىنى زور كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، يېشىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈزەل جۇڭگو بەرپا قىلىپ، خەلقنى تېخىمۇ سۈپەتلىك ئېكولوگىيە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش لازىم. ئېغىر نامرات رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پۈتكۈل رايون بويىچە نامرات بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، نامرات ئائىلە ۋە نامرات رايونلارنى دۆلەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ھاللىق

جەمئىيەتكە ئېلىپ كىرىش لازىم. تەرەققىيات جەريانىدا خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، كىرىم تەقسىمات پەرقىنى كىچىكلىتىپ، بالىلار يەسلىگە كىرەلەيدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولۇش، ئەمگەك قىلىپ كىرىمگە ئىگە بولۇش، ئاغرىپ قالسا داۋالىنالايدىغان بولۇش، قېرىغاندا كۈتۈنۈش، ئولتۇرىدىغان ئۆيى بولۇش، ئاجىزلارنى يۆلەش جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى تەرەققىيات قولغا كەلتۈرۈلدى. قۇرۇلمىلىق خىزمەتكە ئورۇنلىشىش زىددىيىتىنى ھەل قىلىپ، ئەمگەك كۈچلىرىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي يۆتكىلىش تۈزۈلمە مېخانىزمىنىڭ نۇقسانلىرىنى تۈگىتىپ، خەلقنى تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ۋە يېتەرلىك بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش لازىم. خەلق خوجايىن بولۇشتەك تۈزۈم سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقى، قاتنىشىش ھوقۇقى، بايان قىلىش ھوقۇقى ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنى مول روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش لازىم.

### 3) خەلقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم

ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۆزئارا مۇۋاپىقلىقا، بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. ئادەم تەرەققىي قىلغانسېرى ئىجتىمائىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقىنى شۇنچە كۆپ يارىتىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ، شۇنداقلا ماددىي مەدەنىيەت شارائىتى قانچە تولۇق بولغانسېرى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى شۇنچە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ روشەن ئۆسكەنلىكى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بېيىشتىن كۈچىيىشكە قاراپ ماڭغان ئۇلۇغ سەكرەشنى كۈتىۋېلىش دەۋرى؛ شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشى روشەن ياخشىلانغان، پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشى تەدرىجىي ئىشقا ئاشقان دەۋردۇر. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيىتىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشى ئالدىدا، بىز خەلقنىڭ ئومومىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «بەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى داۋاملىق بىر تۇتاش پىلانلاپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قانائەتلەندۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق بېيىشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم.

تەرجىمە مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2018)01 - 034 - 14

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭ مائارىپ ئىسلاھاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەر*

رەھمەتۇللا ھەسەن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر - ئىتتىپاق بولغان، دوستانە ھەمكارلاشقان، گۈللەپ تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىدىن، جۇملىدىن شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭمۇ يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم باسقانلىقىدىن دېرەك بەردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. شىنجاڭنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بىر قاتار مۇھىم سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى؛ شىنجاڭ مائارىپ ئىسلاھاتى؛ شانلىق نەتىجىلەر

## 中华人民共和国成立初期新疆教育改革的辉煌成就

热合木吐拉 · 艾山

**摘要：** 1949 年 10 月 1 日中华人民共和国的成立，标志着我国各族人民进入了一个各民族平等团结、友爱合作、繁荣发展的新时代，新疆教育事业也步入了一个新的历史阶段。中华人民共和国成立初期，党和国家十分重视新疆教育事业的发展，根据新疆地区的特点和实际情况先后制定了一系列发展教育事业的重大政策和措施，取得了辉煌成绩。

**关键词：** 中华人民共和国；新疆教育改革；辉煌成绩

**Abstract:** The establishment of the People’s Republic of China on October 1, 1949 marked the beginning of a new era in which all ethnic groups in China have entered an era of equality, unity, friendship, cooperation, and prosperity. Xinjiang’s education industry has also entered a new historical stage. In the early days of the founding of the People's Republic of China, the CPC and our country paid much attention to the development of education in Xinjiang, and successively formulated a series of major policies and measures for the development of education based on the characteristics and actual conditions of the Xinjiang region, and achieved brilliant results.

**Keywords:**

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G75    ماتېرىيال بەلگىسى: A

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر باراۋەر - ئىتتىپاق بولغان، دوستانە ھەمكارلاشقان، گۈللەپ تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى دەۋرگە كىردى. جۇملىدىن ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمۇ يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۇ توغرىدا، رەئىس ماۋزېدوڭ ئىمزا قويۇپ تارقاتقان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى »دا: «يېڭى جۇڭگونىڭ

*بۇ ماقالە 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** رەھمەتۇللا ھەسەن(1969 - يىلى 4 - ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا ئائىت ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مەدەنىيەت مائارىپى مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋىلىققا ئىگە مەدەنىيەت مائارىپىدۇر؛ ئۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ، فېئودال، دەللال، فاشىستىك ئىدىيەلەرنى تازىلاپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىدىيەلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىشى كېرەك»[1]، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. 1950 - يىلى 6 - ئايدا، رەئىس ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 7 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا: «قەدەم باسقۇچلۇق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن كونا مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرى ۋە كونا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك»[2]، دەپ كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ تۈپ خاراكتېرى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭدەك مائارىپنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن سىياسىي يۆنىلىش بەلگىلەپ بەردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ماۋزېدۇڭنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق، كۆلەم كىچىك، شارائىتى ناچار بولۇشتەك مائارىپ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى.

## 1. كونا مائارىپقا قارىتا تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرگە قارىتا تەرتىپكە سېلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، پىلانلىق، قەدەم باسقۇچ بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، سىنىپلارنى تولۇقلاپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇرۇمچىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى نۇقتا قىلىپ تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ باردى، نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار 5% كۆپەيدى. ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە ئىسمى بار جىسمى يوق كەسپىي مەكتەپلەرنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەر قايسى جايلاردىكى پېداگوگىكا مەكتەپلىرىگە قوشۇۋەتتى. 1950 - يىلىدىكى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى تۈرلۈك مەكتەپلەر0%. 69 ئاشتى[3].

ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇپ چىققان مەكتەپلەرنى كۆرسىتەتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىمە چىقىرىپ: «خۇسۇسىيلار ۋە ئۇيۇشمىلار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىل سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىرىدىن باشقىلىرىغا بىردەك قوغداش ۋە تەدرىجىي ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش فاڭجېنىنى قوللىنىش، لېكىن چوقۇم يېڭى دېموكراتىزملىق مائارىپ فاڭجېنى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش، ئومۇمەن خۇسۇسىيلار ۋە ئۇيۇشمىلار باشقۇرۇشىدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇشتا نەتىجە ياراتقانلىرىنى ھۆكۈمەت مۇۋاپىق مۇكاپاتلاش» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيۇشمىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنى شىنجاڭ دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. 1952 - يىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 65 - قېتىملىق مەمۇرىيەت يىغىنىدا:

«شىنجاڭ دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئەسلىدىكى ئىتتىپاق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ، يېتىم يېسىرلار مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈك، خادىملىرىنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش باشقۇرۇش، مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنى، مەزمۇنى، دەرسلىك، ئىشتاتىنى ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسى بويىچە ئىسلاھ قىلىش» نى قارار قىلدى. بۇ بىر يىلدا ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالغان ئىتتىپاق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ 247 بولۇپ، ئۇلاردا 2224 سىنىپ، 103782 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى[4].

باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى زور تەدبىرى. 1952 - يىلى 3 - ئايدا مائارىپ نازارىتى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى 1953 - يىلدىكى 331462 دىن 1957 - يىلغا بارغاندا 543538 گە يەتكۈزۈپ، ئوقۇش يېشىدىكى باللار ئىچىدىكى نىسبىتىنى 1953 - يىلدىكى 50.19% دىن 1957 - يىلغا بارغاندا 83.18% كە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. 1957 - يىلى بىرىنچى بەش يىللىق پىلان ئورۇنلانغان ۋاقىتتا، شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 424544 گە يەتكەن بولۇپ، 1953 - يىلدىكىدىن 33% كۆپەيگەن. تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر مەركەزلەشكەن جەنۇبىي شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1949 - يىلدىكى 124758 دىن 1957 - يىلغا بارغاندا 303944 گە تەرەققىي قىلىپ، 143.6% ئاشقان، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ مائارىپى تەڭپۇڭلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن[5].

باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر، يېزىلاردىكى كەڭ ئاممىغا قارىتىلغان ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى»دە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. كۆرسەتمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەر قايسى جايلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش دولقۇنى قوزغالدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1950 - يىلى قىشتا، ئۆلكە بويىچە 6679 ئورۇندا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى ئېچىلىپ، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ سانى 256118 ئادەمگە يەتكەن[6]. 1951 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، قىشلىق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنىڭ فاڭجېنى، ۋەزىپىسى، ئوبيېكتى، تەشكىلى شەكلى، ۋاقتى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتقۇچى، خىراجەت، تەشكىلىي رەھبەرلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. 1955 - يىلى مائارىپ نازارىتى «1955 - يىلى يېزىلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە»نى تارقىتىپ، بىر قېتىملىق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھەرىكىتىنى قوزغاشنى تەلەپ قىلدى. 1956 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئادەم سانى 390853 بولۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئۆلچىمىگە يەتكەن ئادەم 98637 نەپەرگە، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى 19% كە يەتكەن. 1957 - يىلى ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئادەم سانى 650000 بولۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئۆلچىمىگە يەتكەنلەر 19.3% كە يەتكەن. 1959 - يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1958 - يىلدىن ئىلگىرى 423000 دىن كۆپرەك ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇپ[7]، سانائەت، يېزا - ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىدا

بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىغان.

## 2. كونا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ئۆزگەرتتى، يېڭى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى

كونا مائارىپ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزگەرتىش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەشتىن باشلانغان. مائارىپ نازارىتى يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تەربىيەلەش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا ئۆزگەرتىش ۋە تەربىيەلەش ئېلىپ باردى. 1950 - يىلى ئېچىلغان يازلىق تەتىللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش سىنىپى ئىدىيەنى ئۆزگەرتىشنى ئاساس، كەسپىي ئۆگىنىشنى قوشۇمچە قىلغان. ھەر قايسى جايلار مەمۇرىي رايونلارنى بىرلىك قىلىپ يازلىق تەتىللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش سىنىپلىرىنى ئاچقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، قەشقەر ئىككى رايوندىن قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۈرۈمچىدە 1188 ئادەم، قەشقەردە 1050 ئادەم قاتناشقان، ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئومۇمىي ئادەم سانى 6079 بولۇپ، ئەمەلىي بار ئوقۇتقۇچى سانىنىڭ 63%نى ئىگىلىگەن. 1951 - يىلى ئېچىلغان يازلىق تەتىللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش سىنىپى جەنۇبىي لىنىيەنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تەربىيەلەش ئېلىپ بارغان. تەربىيەلەش مەزمۇنى جەھەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭدا مەدەنىيەت كەسپى ۋە ئەكسىل ئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشقا ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش ئاساس قىلىنىپ، پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرى، تىل - يېزىق قاتارلىق مەدەنىيەت بىلىملىرى سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېڭى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھەر خىل تەدبىرلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە ئىدىيەنى ئۆزگەرتىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەش ئاساس قىلىنغان. ھەر قايسى جايلاردا بۇ قېتىملىق ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئادەم سانى 7750 نەپەر بولۇپ، ئەمەلىي بار ئوقۇتقۇچى سانىنىڭ 80%نى ئىگىلىگەن[8]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تېز پۈتتۈرۈش تەربىيەلەش سىنىپى تەسىس قىلىنىپ، سەۋىيەسى بىر قەدەر تۆۋەن خىزمەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىر يىللىق تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلغان. 1950 - 1951 - يىللىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تېز پۈتتۈرۈش تەربىيەلەش سىنىپىدا 457 نەپەر ئوقۇتقۇچى كۇرسنى تاماملىغان. بۇنىڭدىن باشقا، پېداگوگىكا مائارىپىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بىر قىسىم مەكتەپلەر پېداگوگىكا خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىلگەن. مەسىلەن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ماھىيەتتە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خاراكتېرىگە ئۆزگەرگەن. 1952 - يىلى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش ئاساسلىقى يازلىق تەتىل مەزگىلىدىكى ئۆگىنىش كۇرسى شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان. 12 ئورۇندا كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلغان، قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى 9591 نەپەرگە يەتكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە خىزمەتچىلەر 770 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە خىزمەتچىلەر 7897 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 81.5%نى ئىگىلىگەن. ئۇلاردىن باشقا، يەنە كەسپىي زىيالىيلار، پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرى قاتارلىق 924 نەپەر كۇرسانت بار ئىدى[9]. 1953 - يىلى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش ئۈچۈن، مائارىپ نازارىتى «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە» ۋە «تولۇقلىما كۆرسەتمە»نى تارقىتىپ، 1955 -، 1957 - يىللىرىدا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل باشلانغۇچ

مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 590 نەپەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشنى قارار قىلغان، بۇنىڭدىكى مەقسەت: ئۇلارنى ئاساسلىق پەن تەرەپلەردە ئاساسىي جەھەتتىن باشلانغۇچ پېداگوگىكا مەكتىپىنى تاماملاش سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش بولۇپ، ئۆگىنىش مۇددىتى ئىككى يىل بولغان. 1954 ـ يىلى، مەركەزنىڭ «بىلىم ئاشۇرۇش، سىرتتىن ئوقۇش ۋە ئىشتىن سىرتقى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە تەشكىللەش شەكلى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش چارىسى»نىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر ئۈچ شەھەردە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرى ئېچىلغان. 1955 ـ يىلى، مائارىپ نازارىتى «باشلانغۇچ مەكتەپ مەمۇرىي كادىرلىرىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش سىنىپى ئېچىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە»نى تارقىتىپ، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ مەمۇرىي كادىرلىرى (مەكتەپ مۇدىرى، تەلىم ـ تەربىيە مۇدىرى) نىڭ سىياسىي ئىدىيە سەۋىيەسى، كەسپىي ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت بىلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى 2 ـ پېداگوگىكا (مىللىي) مەكتىپى قارمىقىدا بىر سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ مەمۇرىي كادىرلىرىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش سىنىپى تەسىس قىلغان، ئۆگىنىش مۇددىتى بىر يىل بولغان. 1955 ـ يىلى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ چىققان. 1957 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون مەركەزنىڭ «ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىش ئورنىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى»گە ئاساسەن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىش ئورنىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىرتتىن ئوقۇش مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشىنى قارار قىلغان، بۇنىڭدىن مەقسەت مىللىي ئوتتۇرا، پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت، پەن بىلىملىرى سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بولۇپ، كۇرسانتلارغا بەلگىلىك ۋاقىتتىكى سىرتتىن ئوقۇش ئارقىلىق ئۆگەنگەن كەسپىي بىلىم ئاساسلىق دەرسلەردە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى مەخسۇس كۇرسنى تاماملىغانلىق سەۋىيەسىگە يېتىش تەلىپى قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىرتتىن ئوقۇش مائارىپ خىزمىتى باشلانغان.

## 3. ئوقۇش تۈزۈمى ۋە ئوقۇتۇش پىلانىنى ئىسلاھ قىلدى

تارىخىي سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئوقۇش تۈزۈمى بىر قەدەر قالايمىقان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش تۈزۈمى ئىلى، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە تۆت يىللىق، ئەمما ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەن قاتارلىق يەتتە ۋىلايەتتە بەش يىللىق ئىدى.

1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تارقاتقان «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى» دە: «ئىسلاھ قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن دەرسلىكلەرنى ئىشلىتىش ھەم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرى (5 ـ، 6 ـ يىللىقلار) دا خەنزۇ تىلى، ماتېماتىكا، سىياسىي ساۋات، تارىخ ـ جۇغراپىيە، تەبىئەت، مۇزىكا، رەسىم، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش؛ ئوتتۇرا يىللىقلار (3 ـ، 4 ـ يىللىقلار) دا دۆلەت تىلى، ماتېماتىكا، ساۋات، رەسىم، مۇزىكا، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش؛ تۆۋەن يىللىقلار (1 ـ، 2 ـ يىللىقلار) دا

خەنزۇ تىلى، ھېساب، رەسىم، ناخشا قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش؛ ھەپتىلىك دەرس سائىتى يۇقىرى يىللىقلارنىڭ 28 ـ 30 سائەت بولۇش، ئوتتۇرا، تۆۋەن يىللىقلارنىڭ 24 ـ 28 سائەت بولۇش؛ ئەسلىدىكى ئوقۇش تۈزۈمىنى ساقلاش، يەنى تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەر تۆت يىل، يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئىككى يىل، مىللىي مەكتەپلەر بىردەك تۆت يىل بولۇش ھەم ئۇلارنى بىردەك كۈزدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئەتىيازدا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئۆزگەرتىش؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر 3+3 (تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا ئۈچ يىل) يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش، تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسىي ساۋات، جۇڭگو ـ چەتئەل تارىخى، جۇڭگو ـ چەت ئەل جۇغراپىيەسى، زوئولوگىيە ـ بوتانىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە، گىگېنا، تەنتەربىيە ـ سەنئەت، دۆلەت تىلى قاتارلىق دەرسلىكلەرنى ئۆتۈش، ھەپتىلىك دەرس سائىتى 28 ـ 30 سائەت بولۇش» [10] تەلەپ قىلىنغان.

1952 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى « ئۆلكىدە بەش يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، « (1) 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەتىيازلىق ئوقۇش باشلاش سىنىپلىرىنى ئاچماسلىق ھەم ئەتىيازدا سىنىپ كۆپەيتمەسلىك، مەكتەپ تەسىس قىلماسلىق؛ (2) خەنزۇ، خۇيزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 1952 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ بەش يىللىق تۈزۈمنى يولغا قويۇش؛ (3) 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ يەتتە يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئالدىنقى تۆت يىلىنى باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى، كېيىنكى ئۈچ يىلىنى ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى قىلىپ، بۇلارغا قارىتا تەرتىپكە سېلىش، بىرلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىش، 1953 ـ يىلى كۈز پەسلىگە كەلگەندە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم تەسىس قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، 1952 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنى تەسىس قىلماسلىق؛ (4) باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئىشلىتىۋاتقان تۆت يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە تەرجىمە قىلىپ بېسىلغان ئالتە يىللىق 4+2 تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىنى ئىشلىتىۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پىرىنسىپ جەھەتتىن بەش يىللىق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش، بەش يىللىق تۈزۈمدىكى دەرسلىكلەر تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىققاندىن كېيىن، كۈزدىن باشلاپ يولغا قويۇش، ئۈچ ياكى بەش يىلدىن كېيىن، پۈتۈن مەكتەپلەرنى يىللىق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش»[11] تەلەپ قىلىنغان.

1960 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئېلان قىلىپ، 1960 ـ 1961 ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بەش يىللىق تۈزۈمنى يولغا قويۇشى تەلەپ قىلىنغان. 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، مائارىپ نازارىتى «پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش سىناق خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىپ، 1960 ـ 1961 ئوقۇش يىلى كۈزدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندىكى مىللىي، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىردەك بەش يىللىق تۈزۈمنى يولغا قويۇشى تەلەپ قىلىنغان[12].

1958 ـ يىلى شىنجاڭ مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ (تۆت يىللىق تۈزۈمدىكى) ئوقۇتۇش پىلانىنى ئېلان قىلىپ، تىل ـ ئەدەبىيات، ھېساب، تەبىئەت، يېزا ئىگىلىك ساۋاتلىرى، جۇغراپىيە،

تارىخ، تەنتەربىيە، ناخشا، رەسىم قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش تەلەپ قىلىنغان.

1958 - يىلى شىنجاڭ مىللىي ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ (3+3 يىللىق تۈزۈمدىكى) ئوقۇتۇش پىلانىنى ئېلان قىلىپ، تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە، ئۈچ بۇلۇڭ، جۇڭگو تارىخى، دۇنيا تارىخى، دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخى، سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە، جۇغراپىيە، بوتانىكا، زوئولوگىيە، بىيولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، خەنزۇ تىلى، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي بىلىملىرى، تەنتەربىيە، مۇزىكا، رەسىم قاتارلىق دەرسلەرنى سۆزلەش تەلەپ قىلىنغان.

1950 - يىلدىن كېيىنكى تەرتىپكە سېلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرى خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلغان. 1956 - يىلى چاقىرىلغان 2 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ يىغىنىدا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەپتىسىگە تۆتتىن ئالتە سائەتكىچە خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى 2500 خەت ئۆگىنىش سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە يەنە 2000 خەت ئۆگىنىش سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1960 - يىلى 8 - ئايدا، مائارىپ نازارىتى «مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقىتىپ، خەنزۇ تىلى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق پەنلىرىنىڭ بىرى، ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئۆگىنىش ئارقىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، خەنزۇ تىلىدا بىۋاسىتە دەرس ئاڭلىيالايدىغان ۋە خاتىرە قالدۇرالايدىغان، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن تەرجىمان ئىشلەتمەي ئاڭلاش، ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش ئىقتىدارىغا يېتىش تەلەپ قىلىنغان. 1961 - يىلى مائارىپ نازارىتى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى ئىزاھاتىدا نۆۋەتتە تىل - ئەدەبىيات ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. 1964 - يىلى 7 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى قىسمەن مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى سىناق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەستىقلىغان. شۇ يىلى 12 - ئايدا، مائارىپ نازارىتى.«مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى سىنىپلىرىنى سىناق قىلىپ ئېچىش ئوقۇتۇش پىلانى» نى تۈزۈپ چىققان. 1959 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردىكى يېڭى قوبۇل قىلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا بىر يىل مەركەزلىك خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش تەلىپى قويۇلغان. 1960 - يىلى 7 - ئايدا مائارىپ نازارىتى «مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى تەسىس قىلىش ۋە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى چارە» نى تارقاتقان.

## 4. مەكتەپلەردە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى مەركەز قىلغان ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى

ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەر مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

### 1) دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى

مەكتەپلەر پۇقرالار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، ھەربىي تەلىم تەربىيەسى تۈرىدىكى ئەكسىيەتچىل

مەزمۇنىدىكى دەرسلىكلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. گومىنداڭ دەۋرىدە نەشر قىلىنغان ھەر مىللەت تىلىدىكى دەرسلىكلەرنى ئىشلىتىشنى توختاتتى. تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىكلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىگە ئائىت مەزمۇنلارنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتتى ھەم ئۇنى ھەر قايسى پەن ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىغىچە سىڭدۈردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە سىنىپىي ئاڭلىقلىقىنى ئۆرگىتىش ئۈچۈن، «سىياسەت» دەرسى تەسىس قىلىندى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تەربىيەسى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش تەربىيەسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. مەكتەپ باشقۇرۇشتا تەن جازاسى بېرىش ھادىسىسى بىكار قىلىنىپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى تەدرىجىي ئورنىتىلدى. مەكتەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇتۇش ئىشلىرى كومىتېتى، خىزمەت يىغىنى تۈزۈمى، ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە تەنقىد قىلىش تۈزۈمى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، ئۆگىنىش، تۇرمۇش كىچىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. دېموكراتىك تۇرمۇشنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مەكتەپ تۇرمۇشى رەڭگارەڭ، مول، جانلىق ھاياتىي كۈچكە تولدى.

**2) ماركسىزملىق دۇنيا قاراش تەربىيەسى كۈچەيتىلدى**

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە، كونا مائارىپ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، داغدۇغىلىق ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا ئەكسىيەتچىل سىياسىي نۇقتىئىنەزەرنى تەنقىدلەش ۋە بۇرژۇئا خاتا ئىدىيەسىنى تازىلاش، ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسىنىڭ بىر قىسىم تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوبۇل قىلىش، «ماركسىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى»، «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى»، «جەمئىيەت تەرەققىيات ئىلمى»، «ئامىباب پەلسەپە»، «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى»، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»، ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» قاتارلىق كىتاب ۋە ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل تەسىرىنى تازىلاش، توغرا ئەمگەك قارىشىنى تۇرغۇزۇش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئەمگەك تەربىيەسى، سىنىپىي كۈرەش قارىشى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە بولغان چۈشىنىش ۋە تونۇش كۈچەيتىلدى.

**3) ئىدىيە ئەخلاق تەربىيەسى كۈچەيتىلدى**

1952 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى «مەكتەپ تەربىيەسىدە بۇرژۇئا چىرىك ئىدىيەسىگە قارشى تۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى كۆرسەتمە»نى تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ بىر قېتىملىق بۇرژۇئا چىرىك ئىدىيەسگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەۋى تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە مەكتەپ تەربىيە پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئوقۇتۇشنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگىچە ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1958 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مائارىپ نازارىتى «1958 ـ 1959 ـ ئوقۇش يىلىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى توغرىسىدىكى كۆرسەتمە»نى تارقىتىپ، سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنى كۈچەيتىشنى، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا تۈپ، سىستېملىق نەزەرىيە بىلىملىرىنى بىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشنى، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەپتىلىك يىغىن ۋە ھەر خىل دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى

بىلدۈرۈشىنى، ۋەزىيەت ۋە ئەخلاق- پەزىلەت تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

**4) ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلدى**

1950 - يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق شىنجاڭ مەدەنىيەت مائارىپ خىزمەت يىغىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنىڭ ئەھمىيىتى، مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىغا قارىتا ئېنىق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. كېيىنكى ھەر قېتىملىق مائارىپ مەمۇرىيىتى يىغىنى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ كەسپىي يىغىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنى ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەشتىن باشلىدى. ئۆگىنىش كۇرسى تەشكىللەش ئارقىلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئىدىيە جەھەتتە، دۈشمەن بىلەن بولغان چەك - چېگرانى ئېنىق ئايرىپ، مەيدان مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ۋەتەنگە بولغان تونۇش ۋە ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇردى. مائارىپىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى مائارىپ ئىكەنلىكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەش ئىكەنلىكى، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدىغانلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى ھەر قايسى پەنلەر ئوقۇتۇشىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تەربىيەدە تېكىستلەرنىڭ ئىدىيەۋىلىكى، مەقسەتلىكلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، بولۇپمۇ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە سىياسەت دەرسلىرىدىن پايدىلىنىپ، جانلىق، كونكرېت مىساللار بىلەن بىۋاستە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلدى. دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تەربىيەدە، ئەترەت پائالىيىتى، كۆرگەزمە، زىيارەت پائالىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك قاتارلىقلار ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھات پائالىيەتلىرىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيەسىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سىياسىي ئېڭى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەننى سۆيۈش، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەردە كۆرۈنەرلىك تونۇشقا ئىگە بولغان، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆگىنىش قارىشىنى تىكلىگەن، بۇنىڭ بىلەن، ئۆگىنىش سەۋىيىسى يېڭىلانغان ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

**5) سوتسىيالىزم تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلدى**

1957 - يىلى مائارىپ نازارىتى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى «ئوتتۇرا ۋە پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سوتسىيالىستىك ئىدىيە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا سوتسىيالىستىك ئىدىيە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئۆگىنىش مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

1959 - يىلى 2 - ئايدا مائارىپ نازارىتى «ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ‹خەلق كوممۇنىسىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى› نى ئۆگىنىپ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، مەكتەپلەردە سوتسىيالىزم تەربىيەسى دەرسى تەسىس قىلىپ، سىستېمىلىق

سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىدىيەۋى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

## 5. مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى

ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەك قارىشى، ئامما قارىشى، ئەمگەك ئادىتى ۋە ئەمگەكچى خەلق بىلەن جاپانى، ھالاۋەتنى تەڭ كۆرۈشتەك ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈش ھەم ئۇلارنى بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي بىلىملىرى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش، تەن ساپاسىنى ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلەرنى تەدرىجىي ھالدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ زىيالىيلىرى قىلىپ ئۆزگەرتىش، ئوقۇغۇچىلارنى سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، مەدەنىيەتلىك، تېنى ساغلام ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن، 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى ئەمگەك تەربىيەسى 1954 - يىلى باشلانغان. 1955 - يىلى مائارىپ نازارىتى «باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەمگەك تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمما ئەمگەك تەربىيەسى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش مائارىپىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى بولۇش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى.

1956 - يىلى 8 - ئايدا، مائارىپ نازارىتى «ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە»نى تارقىتىپ، ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىي تەدبىرلىرى ۋە تۈپ تەلەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ تەدبىر ۋە تەلەپنىڭ بىرىنچىسى، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە، ماتېماتىكا، چېرتيوژ سىزىش ۋە جۇغراپىيە قاتارلىق ئالتە پەننىڭ دەرسلىكلىرىنى يېڭىلاپ، پەن ئاساسىي بىلىملىرىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەن قائىدىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشىدا قوللىنىلىشىنى ئۆزلەشتۈرۈشى ھەم ئالاقىدار تەجرىبە، ھېسابلاش ۋە ئۆلچەش قاتارلىق ماھارەتلەرگە ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش پىلانىغا يېڭى پەنلەرنى قوشۇش. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر زاۋۇت ئوقۇتۇشى ۋە تەجرىبە مەيدانلىرىدىكى پراكتىكا مەشغۇلاتى (زاۋۇت ئوقۇتۇشى ياغاچ ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئاددىي ئېلېكتىر سايمانلىرىنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەجرىبە مەيدانلىرىدىكى پراكتىكا مەشغۇلاتى ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈش ۋە ھايۋانات بېقىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ياغاچ ماتېرىيال ۋە مېتاللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي بىلىم ماھارەتلەرگە ئىگە قىلىش. ئوقۇتۇش ۋاقتىنى ھەر قايسى يىللىقلار ھەپتىسىگە ئىككى سائەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھەر قايسى يىللىقلىرى يېزا ئىگىلىك پراكتىكىسى، مېخانىكا پراكتىكىسى ۋە توكچىلىق پراكتىكىسى قاتارلىق پراكتىكا دەرسىنى تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ئاساسىي بىلىمى ۋە ماھارەتلىرىگە ئىگە قىلىش، ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان قورال ۋە ئۈسكۈنىلەر (ئىستانوك، ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېل، ئاپتوموبىل، تىراكتور ۋە باشقا

دېھقانچىلىق سايمانلىرى) نىڭ قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىش ھەم ئۇلارنىڭ بۇ سايمان ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراشتىكى دەسلەپكى ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش، ئىسچوتچىك ئاپپاراتى، ئۆزگىرىشچان ۋە تۇراقلىق توك گېنېراتورى ۋە ئېلېكتىر دىۋىگاتېل، ترانسفورماتورنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئادەتتىكى تېلېفون، رادىيو قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش ھەم ئۇلارغا بۇ ئاپپارات ۋە ئۈسكۈنىلەرنى چۈۋۈش، قۇراشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىشتىكى دەسلەپكى ماھارەتلەرنى ئىگىلىتىش، ئوقۇغۇتۇش ۋاقتىنى ھەر قايسى يىللىقلار ھەپتىسىگە ئىككى سائەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچىسى، شارائىتى بار مەكتەپلەر پىلانلىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇشقا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش ئېكسكۇرسىيەسى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىشى ۋە زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەشكىللىنىلىشىدىكى كونكرېت ئەھۋاللارنى ئەمەلىي چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش؛ تۆتىنچىسى، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرسخانىدا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، بەلگىلىك ئەمەلىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

1958 - يىلى 2 - ئايدا، مائارىپ نازارىتى «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جىسمانىي ئەمگەك تەربىيەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى» ۋە «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جىسمانىي ئەمگەككە قاتنىشىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تارقاتتى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، كۈزلۈك يىغىم، ئورمان ئەھيا قىلىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتۇرۇلدى.

## 6. مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى

مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈش شىنجاڭنىڭ مائارىپ خىزمىتىدىكى مۇھىم مەزمۇن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەر ئىنتايىن قىس ئىدى، ھەتتا ئىلىدەك بىر قەدەر ئىلغار رايوندا، دەرسلىك پەقەت ئوقۇتقۇچىلاردىلا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن دەرسلىكنىڭ سىياسىي مەزمۇنى يېڭى جۇڭگونىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولغاچقا ئىشلىتىشتىن توختىتىلغان، بۇ ھال دەرسلىكنىڭ جىددىي بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاز سانلىق مىللەت باللىرىنى تېزرەك دەرسلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى دەرسلىك تۈزۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، 1951 - 1952 - يىللىرى ئىككى يىل ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل يېزىقىدىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ ۋە ئىشچى - دېھقانلار ساۋات چىقىرىش دەرسلىكىدىن 40 خىل، جەمئىي 686300 پارچىنى تەرجىمە قىلىپ بېسىپ تارقاتتى[13].

مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىش باشلىنىش بىلەنلا باھا ۋە تولۇقلىما مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئوخشاش بىر مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكنى دۆلەت يېزىقىدىكى دەرسلىككە سېلىشتۇرغاندا بەت سانى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما سېتىش باھاسى دۆلەت يېزىقىدىكى دەرسلىكنىڭ باھاسى بىلەن بىردەك بولغاچقا زىيان كۆرۈلەتتى، مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنىڭ نورمال نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 1950 - يىلدىن

باشلاپ، نەشرىياتنىڭ دەرسلىك تولۇقلىمىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بىر مىليارد يۈەن ئاجرىتىپ بەرگەن، 1951 - يىلى بىر مىليارد 700 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بەرگەن[14].

1953 - يىلى مائارىپ نازارىتى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ياردەملىشىپ بىر بۆلۈك كادىرلارنى يىغىپ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر، قازاق، شىبە يېزىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ تەھرىرلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە باشلانغۇچ مەكتەپ 1 -، 2 - يىللىقلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى تارقىتىشقا تاپشۇرۇلدى. 1954 - يىلى مائارىپ نازارىتى مائارىپ مىنىستىرلىقى تارقاتقان ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تۈزدى. 1955 - يىلى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بارلىق دەرسلىكلىرىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ نەشر قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، موڭغۇل يېزىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرى 72 خىل بولۇپ، 1090207 پارچىگە يەتكەن. 1956 - يىلى ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت مەكتەپلىرى دەرسلىكلىرىدىن ئۈچ مىليون 500 مىڭ پارچىنى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ نەشر قىلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، قىرغىزدىن ئىبارەت بەش خىل يېزىقتىكى 95 خىل دەرسلىك (قايتا نەشرى 47 خىل، تۇنجى نەشرى 48 خىل، جەمئىي 2164000 پارچە) نى نەشر قىلدى، دۆلەت يېزىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن 152000 پارچىنى كۆپەيتىپ باستى. ئىچكىرىدىن بىر مىليون 100 مىڭ پارچە دەرسلىك كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى مىللىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك مەسىلىسىنى ئۈزۈل- كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1956 - يىلى 8 - ئايدا، كەسپىي خاراكتېردىكى شىنجاڭ خەلق مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلدى. 1957 - يىلى، شىنجاڭ خەلق مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، قىرغىز يېزىقىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ھەر قايسى پەن دەرسلىكلىرى، ساۋات چىقىرىش دەرسلىكلىرىدىن 100 خىل، جەمئىي 1824984 پارچە نەشر قىلدى[15]. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1956- يىلدىن 1965 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون نەشر قىلغان مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەر جەمئىي 1642 خىل، 22 مىليون 696 مىڭ پارچىغا يەتكەن.

مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەر ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مائارىپ نازارىتى 1958 - يىلى 2 - ئايدا، «مىللىي - تىل يېزىقتىكى دەرسلىكلەر ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» نى تۈزۈپ، مائارىپ نازارىتى ۋە شىنجاڭ خەلق مائارىپ نەشرىياتىنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلەپ، دەرسلىك ۋە ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇردى.

## 7. مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، مائارىپنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى

1950 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان راسخوت 994000 يۈەن بولۇپ، مالىيە ئىشلىرى چىقىمىنىڭ %1.49 نى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مائارىپ راسخوتى 126000 يۈەن، يەسلى مائارىپ راسخوتى 35000 يۈەن، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ راسخوتى 58000

يۈەن، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ راسخوتى 152000 يۈەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مائارىپ راسخوتى 567000 يۈەن (1952 - يىلىدىن ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ راسخوتى پەقەت ئۆلكە دەرىجىلىك مەكتەپ راسخوت سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باشقا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ راسخوتى يەرلىك راسخوت ئىچىدىن چىقىم قىلىنىپ، دۆلەت خامچوتىغا كىرگۈزۈلمىگەن، شۇڭا چىقىم بىر قەدەر كىچىك) بولغان. 1953 - يىلى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان راسخوت 24 مىليون 711000 يۈەن بولۇپ، مالىيە ئىشلىرى چىقىمىنىڭ %17.11نى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مائارىپ راسخوتى تۆت مىليون560000 يۈەن، يەسلى مائارىپ راسخوتى 37000 يۈەن، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ راسخوتى توققۇز مىليون 947000 يۈەن، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ راسخوتى تۆت مىليون 238000 يۈەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مائارىپ راسخوتى 959000 يۈەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مائارىپ راسخوتى ئۈچ مىليون345000 يۈەن بولغان. 1957 - يىلى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان راسخوت 39 مىليون 988000 يۈەن بولۇپ، مالىيە ئىشلىرى چىقىمىنىڭ %21.84نى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مائارىپ راسخوتى ئالتە مىليون 280000 يۈەن، يەسلى مائارىپ راسخوتى 45000 يۈەن، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ راسخوتى 13 مىليون 233000 يۈەن، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ راسخوتى 10 مىليون 688000 يۈەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مائارىپ راسخوتى ئالتە مىليون 176000 يۈەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مائارىپ راسخوتى ئىككى مىليون 582000 يۈەن بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىنكى سەككىز يىللىق مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان راسخوت ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە %72.53 بولغان، بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە %78.1 بولغان[16].

1957 - يىلى ئاپتونوم رايون مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتىنى چىقىم قىلىش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى، ئاممىۋى خىراجەت، باشقا خىراجەتلەرنىڭ چىقىم قىلىنىش ئۆلچىمىگە قارىتا يېڭى بەلگىلىمە تۈزدى. ئالاقىدار مالىيە باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن مالىيە باشقۇرۇش ئىشلىرى قېلىپلىشىپ، مەبلەغنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

1952 - يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئورۇنلىنىش سوممىسى ئىككى مىليون 102000 يۈەن بولۇپ، ئۆلكە ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئورۇنلىنىش سوممىسىنىڭ %0.92 نى ئىگىلىگەن. 1957 - يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئورۇنلىنىش سوممىسى 12 مىليون 836000 يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئورۇنلىنىش سوممىسىنىڭ %3.01 نى ئىگىلىگەن[17].

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى مائارىپ ئىسلاھات نەتىجىلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ مائارىپى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، بۇلار ئاساسلىق تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

بىرىنچى، شىنجاڭ مائارىپى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەرەققىيات پىلانى، ئىسلاھات قەدىمى، نىشان تەلىپى، مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلى، دەرس تەسىس قىلىش، ئوقۇش تۈزۈمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئالاھىدە تەدبىر ۋە مايىللىق سىياسەتلىرىنى قوللاندى.

مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئوقۇشقا كىرىش ۋە تەقسىمات ئىشلىرىدا ئېتىبار سىياسەت يولغا قويدى. مەبلەغ جەھەتتە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ مائارىپى تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى دەۋرنى كۈتىۋالدى.

ئىككىنچى، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ سانى ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئاشتى، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى ۋە ئېشىش سۈرئىتى جەھەتتە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ياخشى ۋەزىيەت كۆرۈلدى. چەت، يىراق يېزا-چارۋىچىلىق رايونلىرى، تاغلىق، چېگرا رايون مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

ئۈچىنچى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان چوڭلار مائارىپى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت باشلانغۇچ مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ پۈتكۈل مائارىپتىكى مۇھىم ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما ئارىسىدا پىلانى، تەلىپى، تەدبىرى، تەكشۈرۈشى بار بولغان ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

تۆتىنچى، مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىك مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پارتىيەمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ۋەزىپە ئېغىر، كەسپىي خادىم ئاز، خىراجەت كەم، ۋاقىت قىس بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئوقۇتۇش پىروگراممىسى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ، 1955 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەھرىرلەش، تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. 1957 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەھرىرلەش، تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى.

بەشىنچى، مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ ئىدىيەسى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلدى. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار يەرلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەمگەك تېخنىكىسىنى ئىگىلەپلا قالماي، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئارقىلىق مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى، تېخىمۇ مۇھىمى ئەمگەك قارىشىنى تۇرغۇزدى، بۇ ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

## ئىزاھلار:


[1][2] 赵民、林均昌. 建国初期发展少数民族教育的理论与政策 [J]. 黑龙江民族丛刊,2007(4).

[3][4][5][8][9][10][12][14][17] 马文华. 新疆教育史稿 [M]. 新疆教育出版社, 2006:117, 118, 116, 136, 123, 124, 167, 184 .

[6][11][13][16] 陈声远. 维吾尔族教育史,载中国少数民族教育史[M]. 广东教育出版社, 1998:346, 314, 366, 370.

[7][15]新疆维吾尔自治区十年教育工作总结汇编 [D]. 新疆维吾尔自治区教育厅编, 1959, 转引自马文华. 新疆教育史稿[M]. 新疆教育出版社, 2006:147,168 .


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 17 - 048 - 01(2018) 5878 - 1005

# جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بولايلى*

## —— ئالتاي تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ماكرولۇق ئوخشاشلىقلار مىسالىدا

لىتىپ توختى

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۆتكەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالتايشۇناسلار بىر خىل قاتمال تەتقىقات ئەندىزىسىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق ئالتاي تىللىرىدىكى گىرامماتىكىلىق فۇنكسىيەلىك تەركىبلەرنى مورفولوگىيەلىك ھادىسە دەپ قاراپ، يالغۇز بىر ئىسىم ياكى پېئىل ئۆزەكى ئاساسىدا «ئىسىمنىڭ پالانى كاتېگورىيەسى»، «پېئىلنىڭ پوكۇنى كاتېگورىيەسى» دېگەندەك ساختا ئۇقۇملار بىلەن شەرھىيلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سىنتاكسىسلىق رولىنى تىلغا ئالماي كەلدى. يېپىشقاق ئالتاي تىللىرىنى پۈكلىنىشچان ھىندى - ياۋروپا تىللىرىنىڭ رامكىسىدا قارىغۇلارچە تەتقىق قىلىشتەك بۇ خىل ئۇسۇل خۇددى ئەپيۇنگە ئوخشاش ئالتاي تىللىرى ساھەسىدىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلىرىمىزنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئالتاي تىللىرىنىڭ ھەقىقىي گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى كۆرەلمەس قىلىپ قويىدى؛ ھەتتا بەزى ئەھۋاللاردا تىل ئەمەلىيىتىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئاپتورنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيان چومىسكىينىڭ ھاسىلاتىما گىرامماتىكا نەزەرىيەسىنىڭ يورۇتمىسى بىلەن ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئالتاي تىللىرىدىكى گىرامماتىكىلىق فۇنكسىيەلىك تەركىبلەر مەيلى قوشۇمچە شەكلىدە كۆرۈلسۇن ياكى ياردەمچى سۆز شەكلىدە كۆرۈلسۇن، خۇددى خەنزۇ تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەردەكلا سىنتاكسىسلىق فۇنكسىيە ئۆتەيدىغان مۇھىم تەركىبلەردۇر. ھالبۇكى، ئالتاي تىللىرىنىڭ پۈتكۈل گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ماكرو جەھەتتىن پۈكلىنىشچان ھىندۇ-ياۋروپا تىللىرى بىلەن ھېچقانچە ئورتاقلىققا ئىگە ئەمەس، ئەكسىچە يەككە تىپتىكى خەنزۇ تىلى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، ھەرقايسى تىللارنىڭ تاللىشى ئۈچۈن كۆپ خىل پارامېتىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئالتاي تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلى ئارىسىدا كۆرۈلگەن بۇ خىل ئورتاقلىق ھەرگىزمۇ تاسادىپىي شەكىللىنىپ قالغان ئەمەس، بەلكى بۇ تىللارنىڭ قوللانغۇچىلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئوخشاش بىر جۇڭخۇا تۇپرىقى ۋە ئەتراپىدىكى زېمىنلاردا ياشاپ كەلگەنلىكى، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ ۋە تەسىر كۆرسىتىشىپ، بىر جان بىر تەندەك ئېجىل ئۆتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ماقالىدە، يۇقىرىقى قاراشلار بىلەن بىرگە، يەنە مۇنداق ئىككى نۇقتا تەكىتلىنىدۇ: بىرىنچى، كەسپىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ لاياقەتلىك تىل خادىمى بولۇشىمىز لازىم؛ ئىككىنچى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇشىمىز لازىم.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئالتاي تىللىرى؛ تىپلوگىيەلىك بىردەكلىك؛ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى

**争做中华文化的捍卫者——以阿尔泰语言和汉语之间的宏观相同性为例**

力提甫 · 托乎提

**摘要：** 半个多世纪以来，国内外阿尔泰语言研究者遵循了一种死板的传统，把维吾尔语等阿尔泰语言中的语法功能成分看成是一种形态，试图在一个单一的名词或动词词干基础上以

---

*بۇ ماقالە 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: لىتىپ توختى (1953 - يىلى 2 - ئايدا تۇغۇلغان)، پروفېسسور، دوكتور، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، ھاسىلاتىما گىرامماتىكا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى ۋە ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمان ئابدۇكېرىم، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ 2015 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى.

“名词的 X 范畴” “动词的 Y 范畴”等不切实际的名称解释它们，根本不谈它们真正的句法功能。这种盲目地效法屈折型印欧语言框架去研究阿尔泰语言的做法就像鸦片一样麻痹了阿尔泰语言研究领域一代又一代的学者，使他们无法看清阿尔泰语言真正的语法特点，而且在某些情况下迫使他们歪曲语言事实。笔者在近 30 多年来用乔姆斯基的生成句法理论研究我国阿尔泰语言所取得的突破性成果显示，阿尔泰语言中的语法功能成分不管其以语缀的形式出现，还是以虚词（或助词）的形式出现，都像汉语中的虚词类一样，担负着重要的句法功能。因此可以肯定，在宏观上黏着型的维吾尔语等阿尔泰语言更像孤立型的汉语，而与屈折型的印欧语言之间没有什么共性。在从理论上各语言都有多种可选择参数的情况下，阿尔泰语言和汉语之间的这种共性不是偶然的巧合，而是这些语言的使用者在漫长的历史长河中在同一个中华大地及其周围繁衍生息，相互学习交流、相互影响交融，呈现出你中有我，我中有你的局面的另一种体现。本文在阐释以上观点的同时强调以下两点：第一，增强专业责任感，争做合格的语言工作者；第二，增强社会责任感，争做中华文化的捍卫者。

**关键词：** 阿尔泰语言；类型学上的共性；中华文化

**Abstract:** It was a stereotyped convention for the foreign and domestic Altaists in the last more than a half century to treat the grammatical functional components in Uyghur and other Altaic languages as morphological elements, and to interpret their grammatical function and meaning as “X category of noun” or “Y category of verb” based only on a single stem, and failed to mention their participation in the syntax. Such an approach of blindly imitating the frame of inflectional Indo-European languages, just like opium, anaesthetized scholars in the Altaic field one generation after another, so that they couldn’t see the real grammatical features of the Altaic languages, even the worse, they had to distort the reality in some cases. The breakthrough achievements by the author of these lines applying Chomskyan generative grammar theory to the Altaic languages in the last 30 years demonstrate that all the Altaic grammatical functional components including suffixal ones and auxiliaries, just like Chinese function words, play not morphological but syntactic roles. Thus, macroscopically speaking, the grammatical structure of the agglutinative Altaic languages is similar to that of the isolated Chinese, but not that of the inflectional Indo-European languages. It is clear then that, while there were many parameters available for any natural language to pick up theoretically, such syntactic similarities in between Altaic languages and Chinese were not accidental, it must be the result of the mutual learning, mutual communicating, and becoming inseparable body generation by generation through the long history of their speakers living in the same Chinese land and its vicinity. While giving reasons for the above-mentioned opinion, this paper also emphasizes the importance of the following two points: firstly, to strengthen the academic responsibility in order to be a qualified language worker; secondly, to strengthen the social responsibility in order to be a qualified advocator of the Chinese culture.

**Keywords:** Altaic Languages; Typological Similarities; Chinese Culture

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0    ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. مۇقەددىمە

يېقىندا مېنىڭ «ئەڭ ئاددىي لايىھە-ئالتاي تىللىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى» (خەنزۇچە) ناملىق كىتابىم مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن بۆسۈش خاراكتېرلىك

نەتىجىلىرىم كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلدى. بۇ كىتاب تىلشۇناسلىققا ئائىت ئىلمىي ئەسەر بولغاچقا، ئەسەرنىڭ ئۆزىدە مەن قولغا كەلتۈرگەن بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قوغداش جەھەتتىكى مۇھىم ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلىشقا ئىمكان بولماي قالغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چومسكىينىڭ ئىنسانلاردىكى تىل ئورگىنىنىڭ تۇغمىلىقى ھەمدە ئىنسانلار ئورتاق ھەمبەھىرلىنىدىغان ئۇنىۋېرسال گىراماتىكىنىڭ مۇتلەقلىقى، ھەرقايسى كونكرېت تىللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان گىراماتىكىلىق پارامېتىرىنى تاللىشى ۋە قوبۇل قىلىشىنىڭ نىسپىي جانلىقلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئاساسىدا، ماكرو نۇقتىدىن پۈكلىنىشچان تىللاردىن دەسلەپكى دەۋر ئىنگلىز تىلى ۋە رۇس تىلى، يەككە تىللاردىن خەنزۇ تىلى، يېپىشقاق تىللاردىن ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق ئالتاي تىللىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى ئۈستىدە بىر قەدەر ئىنچىكە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ باردىم. بۇنىڭدىن يەكۈنلىگەن خۇلاسەم شۇ بولدىكى، يېپىشقاق تىپتىكى ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق ئالتاي تىللىرىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى پۈكلىنىشچان تىپتىكى ھىندى-ياۋروپا تىللىرى بىلەن ھېچقانچە ئورتاقلىققا ئىگە ئەمەس، ئەكسىچە خەنزۇ تىلى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى بىر قەدەر يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا ھەرقايسى تىللارنىڭ تاللىشى ئۈچۈن كۆپ خىل پارامېتىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئالتاي تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلى ئارىسىدا كۆرۈلگەن بۇ خىل ئورتاقلىق ھەرگىزمۇ ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان ياكى تاسادىپىي شەكىللىنىپ قالغان ئەمەس، بەلكى بۇ تىللارنىڭ قوللانغۇچىلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئوخشاش بىر جۇڭخۇا تۇپرىقى ۋە ئەتراپىدىكى زېمىنلاردا ياشاپ كەلگەنلىكى، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ ۋە تەسىر كۆرستىشىپ، بىر جان-بىر تەندەك ئىجىل ئۆتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن بۇ ئورتاقلىقلارنى بايقىشىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىي قىممىتى بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى يەنە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئېتىراپ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتلەردىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىمۇ خېلى زور سالماققا ئىگە. تۆۋەندە مەن بۇ نۇقتىلارنى ئۆزۈمنىڭ تەتقىقات جەريانىدا بايقىغان ئالتاي تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلى ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق ئورتاقلىقنىڭ ھالقىلىق بۆسۈش ئېغىزىدىن باشلايمەن.

خۇددى خەنزۇ تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ھەر تۈرلۈك مۇھىم گىراماتىكىلىق فۇنكسىيەلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىنىغا ئوخشاش، ئالتاي تىللىرىدىمۇ قوشۇمچە شەكلىدە كۆرۈلىدىغان ياكى ياردەمچى سۆز باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ھەر تۈرلۈك گىراماتىكىلىق فۇنكسىيەلىك تەركىبلەر بار. ئەنە شۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىس ئورتاقلىقىنى بايقىيالساق، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ھالقىلىق بۆسۈش ئېغىزىغا يېقىنلىشالىغان بولىمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەيلى دۆلەت ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، ئىلگىرىكى ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇزۇندىن بۇيان شەكىللەنگەن بىر خاتا ئەندىزە بويىچە يول تۇتۇپ كەلدى؛ يەنى گىراماتىكىنى مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دەپ ئىككىگە ئايرىپ، مورفولوگىيە قىسمىدا ئالتاي تىللىرىدىكى مول قوشۇمچىلارنى سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىپ، ئاندىن بۇ ئاتالمىش تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار

ئىپادىلىگەن گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىسىم ۋە پېئىل قاتارلىق مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىگە بېقىندۇرۇپ تەسۋىرلەپ، نەتىجىدە «ئىسىمنىڭ پالانى كاتېگورىيەسى»، «پېئىلنىڭ پوكۇنى كاتېگورىيەسى»، دېگەندەك سۈنئىي ئۇقۇملارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار يەنە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى شەرھلىگەندە، پەقەت بىر ئىسىم ياكى بىر پېئىل ئۆزەكى بىلەن قوشۇلغان شەكلىنىلا ئاساس قىلىۋېلىپ، سىنتاكسىس قىسمىدا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەرگىز تىلغا ئالمىدى. ھالبۇكى، يېپىشقاق تىپتىكى ئالتاي تىللىرىنى پۈكلىنىشچان تىپتىكى ھىندى- ياۋروپا تىللىرىنى دوراپ تەتقىق قىلىشتەك بۇ خىل ئۇسۇل بۇ تىللارمۇ «تۈرلىگۈچى تەركىبلەرگە ئىگە ئىكەن-دە»، «ھىندى - ياۋروپا تىللىرىغا تولىمۇ ئوخشايدىكەن-ھە» دېگەندەك كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان خاتا ئۇقۇملارنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن سىرت، ئۇ يەنە خۇددى ئەپيۇنگە ئوخشاش ئالتاي تىللىرى ساھەسىدىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلىرىمىزنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئالتاي تىللىرىنىڭ ھەقىقىي گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى كۆرەلمەس قىلىپ قويدى؛ ھەتتا بەزى ئەھۋاللاردا تىل ئەمەلىيىتىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. شۇڭا مېنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قىلىۋاتقىنىم، نۇرغۇنلىغان تىل پاكىتلىرى ئارقىلىق بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى گىراماتىكا تەتقىقاتىمىزنىڭ يۇقىرىقى تەرەپلىرىدە باسقان ناتوغرا قەدەملىرىنى دەلىللەپ كۆرسىتىش ۋە ھاسىلاتما گىراماتىكا نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە توغرا ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىپ، تەتقىقاتىمىزنى توغرا يۆنىلىشكە باشلاش بولدى. بۇ مەسىلىلەر مېنىڭ «ئەڭ ئاددىي لايىھە-ئالتاي تىللىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى» ناملىق كىتابىمنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمايمەن.

خوش، ئۇنداقتا ئالتاي تىللىرى ساھەسىدىكى نەچچە ئەۋلاد پېشقەدەملىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قان- تەرى بەدىلىگە تۇرغۇزغان ئاشۇ ئۇل خاراكتېرلىك گىراماتىكا قۇرۇلمىلىرىنى ۋە ئاتالمىش «تۈرلىگۈچى تەركىب»، «پالانى كاتېگورىيە»، «پوكۇنى كاتېگورىيە» دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشقا بىزنىڭ نېمە ئاساسىمىز بار؟ بۇ مەسىلىلەرنى بىز يەنىلا ئۆزىدە ھەقىقىي «تۈرلىگۈچىلىك ئۆزگىرىش» ۋە «مورفولوگىيەلىك كاتېگورىيە» بار بولغان تىپىك پۈكلىنىشچان تىل- رۇس تىلىدىكى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرەيلى.

## 2. تىپىك مىساللار تەھلىلى

تۆۋەندىكى سېلىشتۇرما تەھلىلىمىزدە رۇسچە مىساللاردىكى قېنىق قارا بويالغان قىسىملارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىنىشىگە دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرەيلى:

(1) رۇسچىدىكى بىرلىك، چىشى جىنسلىق ئىسىم «книга» (كىتاب) ۋە ئۇنىڭ ئېنىقلىغۇچىلىرىنىڭ بىرىنچى كېلىشتە تۈرلەنگەن مورفولوگىيەلىك شەكلى:

رۇسچە مىسال:

Эта интересная книга публиковалась.

لاتىن ھەرپىدە يېزىلىشى:

Eta interesnaya kniga publikovalas

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى A:

[بۇ قىزىقارلىق كىتاب]-Ø نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى B:

*بۇ-Ø قىزىقارلىق-Ø كىتاب-Ø نەشر قىلىندى.

(2) رۇسچىدىكى بىرلىك، چىشى جىنسلىق ئىسىم «книгу» (كىتاب) ۋە ئۇنىڭ ئېنىقلىغۇچىلىرىنىڭ تۆتىنچى كېلىشتە تۈرلەنگەن

مورفولوگىيەلىك شەكلى:

رۇسچە مىسال:

Я читал(а) эту интересную книгу.

لاتىن ھەرپىدە يېزىلىشى:

Ya chital(a) etu interesnuyu knigu

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى A:

مەن [بۇ قىزىقارلىق كىتاب]نى ئوقۇدۇم.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى B:

*مەن بۇنى قىزىقارلىقنى كىتابنى ئوقۇدۇم.

(3) رۇسچىدىكى چىشى جىنسلىق، كۆپلۈك شەكلىدىكى ئىسىم «книги» (كىتاب) ۋە ئۇنىڭ ئېنىقلىغۇچىلىرىنىڭ بىرىنچى كېلىشتە تۇرلەنگەن مورفولوگىيەلىك شەكلى:

رۇسچە مىسال:

Эти интересные книги публиковались.

لاتىن ھەرپىدە يېزىلىشى:

Eti interesniye knigi publikovalis.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى A:

[بۇ قىزىقارلىق كىتاب]لار نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى B:

*بۇلار قىزىقارلىقلار كىتابلار نەشر قىلىندى.

(4) رۇسچىدىكى چىشى جىنسلىق، كۆپلۈك شەكلىدىكى ئىسىم «книги» (كىتاب) ۋە ئۇنىڭ ئېنىقلىغۇچىلىرىنىڭ تۆتىنچى كېلىشتە تۇرلەنگەن مورفولوگىيەلىك شەكلى:

رۇسچە مىسال:

Я читал(а) эти интересные книги.

لاتىن ھەرپىدە يېزىلىشى:

Ya chital(a) eti interesniye knigi

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى A:

مەن [بۇ قىزىقارلىق كىتاب]لار-نى ئوقۇدۇم.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى B:

*مەن بۇلارنى قىزىقارلىقلارنى كىتابلارنى ئوقۇدۇم.

ئالدى بىلەن بىز يۇقىرىقى مىساللاردا ئۇيغۇر تىلىدىكى [بۇ قىزىقارلىق كىتاب] دېگەن ئىسىم بىرىكمىسىنىڭ رۇس تىلىدىكى مۇناسىپ ئىپادىلىنىشىدە كۆرۈلگەن ھەر خىل مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى، ئاندىن «نەشر قىلىندى»، «ئوقۇدۇم» قاتارلىق پېئىللارنىڭ رۇس تىلىدىكى مۇناسىپ مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشكە قاراپ باقايلى. ئوقۇشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندە لاتىن ھەرپى بىلەن يېزىلغان شەكلىدە تەھلىل قىلىمىز.

(1) مىسالدا، رۇسچىدىكى بىرلىك، چىشى جىنسلىق شەكلىدىكى «kniga» دېگەن ئىسىم سوزۇق تاۋۇش a بىلەن ئاياغلاشقانلىقى بىلەن جىنس، سان، كېلىش قاتارلىق ئۈچ خىل گىراماتىكىلىق مەنىدىن تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىل رۇس تىلى گىراماتىكىسىدا بىرىنچى كېلىش دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تىپىك مورفولوگىيەلىك تۇرلىنىش ياكى گىراماتىكىلىق «ھۆنەر كۆرسىتىش» نىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. نېمىشقا بۇنداق دەيمىز؟ چۈنكى ئۇ مەلۇم بىر مۇستەقىل سۆزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك گىراماتىكىلىشىش ياكى ياردەمچى سۆزگە ئايلىنىش جەريانىدا شەكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى «kniga» دىن ئىبارەت بۇ سۆزدە ئەسلىدىنلا بار بولغان بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ باشقا پۈكلەنمە شەكىللەر بىلەن سېلىشتۇرۇلۇشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل گىراماتىكىلىق بەلگە ياكى «فىگۇرا». شۇڭا، بۇ تاۋۇشنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق لېكسىكىلىق مەنىنىڭ ئىزناسى يوق، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىلىرى پەقەت ئاشۇ تىلنى قوللانغۇچىلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل قوللانغان ئەندىزىسى ئىچىدە تەدرىجىي شەكىللەنگەن. شۇڭا، بىز ئۇنى ئالتاي تىللىرىدا كۆنۈپ قالغان ئادىتىمىز بويىچە باش كېلىش دېسەك، ياكى ئالتاي تىللىرىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە مەزكۇر a نى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇنىڭ

ئۈچتىن بىرى جىنسىنى، ئۈچتىن بىرى بىرلىكنى، ئۈچتىن بىرى بىرىنچى كېلىشنى ئىپادىلەيدۇ، دېسەك خاتالىشمىز. بۇنىڭدىن سىرت، رۇس تىلىدا ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىك مۇناسىۋەت بولغاچقا، «kniga» نىڭ ئالدىدىكى كۆرسىتىش ئالماش eta (بۇ) ۋە interesnaya (قىزىقارلىق) دېگەن سۈپەت مۇناسىپ ھالدا ئايرىم-ئايرىم «-a» ۋە «-aya» قاتارلىق بىرىنچى كېلىش بەلگىلىرى بىلەن ئاياغلاشقان. ئەمما ئۇيغۇر تىلى پۈكلىنىشچان تىل بولمىغاچقا يۇقىرىقى رۇسچە جۈملە بىلەن مۇناسىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە جۈملىدىكى ئىسىم «كىتاب» نىڭ ئەسلىدىنلا ھېچقانداق كېلىش ياكى ساننى ئىپادىلەيدىغان بەلگىسى يوق، يەنى سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن مەلۇم تاۋۇشقا ئاساسەن ئۇنىڭ مەلۇم كېلىش ياكى سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالتاي تىللىرىدا جىنس كاتېگورىيەسى بولمىغاچقا، بۇ ماقالىدە بۇ ھەقتە توختالمايمىز. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار كونكرېت جۈملىگە كىرمىگەندە ئەركىن ھېسابلىنىدىغان تەركىب بولۇپ، ئادەتتە ئىسىمنىڭ ئەسلىي شەكلى ھالىتىدە تۇرىدۇ. توغرا، بەزىدە بىز يۇقىرىقى جۈملىدىكى «كىتاب» سۆزىنى بىرلىك ۋە باش كېلىشتە كەلگەن دەپ چۈشەندۈرىمىز. بىراق، بۇ مەنە «كىتاب» سۆزىنىڭ ئاخىرىدىكى -a ياكى -ab قاتارلىق تاۋۇشلاردا ئىپادىلەنگەن بولماستىن، بەلكى گىراماتىكشۇناسلار چۈشەندۈرۈشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن زورمۇزور تېڭىپ قويغان بەلگە. مەسىلەن، گىراماتىكا تەھلىلىدە «كىتاب» سۆزىنى كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغان «كىتابلار» دېگەن شەكىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ بىرلىك دەيمىز؛ ئۇ يەنە «نەشر قىلىندى» دېگەنگە ئوخشاش ئېنىق زامان-شەخسلىك پېئىل خەۋەر بولغان جۈملىلەردە ئىگە بولسا، بىز ئۇنى باش كېلىشتە كەلگەن دەپ «-ø» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەيمىز. بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، ئالتاي تىللىرىدا ھېچقانداق بىر سۆز سۆز ئاخىرىدىكى مەلۇم تاۋۇشقا ئاساسەن ئۆزىنىڭ سۆز تۈركۈمىنى ياكى مەلۇم گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر سۆز ئەركىن ھالدا ئۆزىنىڭ ئەسلىي شەكلى بىلەن ھەرقانداق كونتېكىستتا كۆرۈلەلەيدۇ. مەسىلەن، «كىتاب» سۆزى «كىتاب باھاسى»، «كىتاب بازىرى»، «بۇ مەن سېتىۋالغان كىتاب» دېگەنگە ئوخشاش ساناقسىز كونتېكىستلاردا ھېچقانداق كېلىش ياكى ساننى ئىپادىلىمەي ئىسىمنىڭ ئەسلىي شەكلى ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ. شۇنداقلا، كېلىش، سان قاتارلىق مەنىلەردىن خالىي بولغان ئىسىملارنىڭ ئەسلىي شەكلىلا تۈرداشلىقنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، پۈكلەنمە تىل تىپىغا تەۋە رۇس تىلىدىكى ئىسىم kniga ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئىپادىلەنمىلەردە سۆز ئاخىرىدىكى «تۇغۇلۇشتىنلا بار بولغان» -a تاۋۇشى ۋە مۇناسىپ گىراماتىكىلىق مەنىلىرىدىن ھېچقاچان خالىي بولالمايدۇ؛ مانا بۇلار مۇشۇ تىللار ئارىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا رۇس تىلىدىكىدەك بىردەكلىك مۇناسىۋەت بولمىغاچقا، «كىتاب» سۆزىنىڭ ئالدىدىكى كۆرسىتىش ئالماش «بۇ» ۋە ياكى سۈپەت «قىزىقارلىق»نىڭ ئارقىسىغا ھېچقانداق تەركىب قوشۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا «بۇ قىزىقارلىق كىتاب» دېگەن ئىسىم بىرىكمىسى سالاھىيىتىنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندىلا ئاندىن سان، تەۋەلىك، كېلىش قاتارلىق فۇنكسىيەلىك تەركىبلەر بىلەن بىر-بىرلەپ بىرىكىشى مۇمكىن. زۆرۈر بولمىغاندا بۇ فۇنكسىيەلىك تەركىبلەرمۇ مۇستەقىل ھالدا بىزنىڭ سۆزلۈك ئامبىرىمىزدا تۇرۇۋېرىدۇكى، ھەرگىز باشقا سۆزلەرگە ياكى بىرىكمىلەرگە زورمۇزور چاپلىشىۋالمايدۇ. ئەڭ

مۇھىمى شۇكى، ئالتاي تىللىرىدا سۆز ئاخىرىدىكى مەلۇم تاۋۇشقا تايىنىپلا بىراقلا بىر قانچە گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى قانداقتۇ بىرەر پۈكلەنمىلىك شەكىل ئۆزگىرىشكە تايانغان بولماستىن، بەلكى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق گىراماتىكىلىشىش ياكى ياردەمچى سۆزگە ئايلىنىش جەريانىدا شەكىللەنگەن گىراماتىكىلىق فۇنكسىيەلىك تەركىبلەرگە تايىنىدۇ. مەيلى بۇ گىراماتىكىلىق فۇنكسىيەلىك تەركىبلەر نۆۋەتتە ياردەمچى سۆز باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسۇن ياكى ئاللىقاچان قوشۇمچىغا ئايلىنىپ بولغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم گىراماتىكىلىق مەنىلەر مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، بەزىلىرى ھېلىھەم مەلۇم نىسبەتتە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىنى ساقلاپ قالغان. دېمەك، ئۇلار كۆرگىلى ھەم تۇتقىلى بولىدىغان ھەقىقىي گىراماتىكىلىق تەركىبلەردۇر، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ پۈكلىنىشچان تىللاردىكى مەلۇم سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۇزۇك تاۋۇشنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشىمىغان گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان مورفولوگىيەلىك شەكىل ياكى «ھۈنەر» كۆرسىتىش ۋاستىسىگە ئوخشىتىشقا بولمايدۇ. مانا بۇ دەل يۇقىرىقى مىساللاردا رۇس تىلىدىكى بىردەكلىك مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنى دوراپ ئېنىقلىغۇچى تەركىبلەرنىڭ كەينىگە سان، كېلىش تەركىبلىرىنى قوشۇپ قويغان بارلىق جۈملىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن خاتا ئىكەن (ئالدىدا * بەلگىسى كۆرۈلگەن) لىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، (1) مىسالدىكى رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە جۈملىلەردە ئىپادىلەنگەن گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ ئىپادىلىنىش ۋاستىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ تىللاردا ھېچقانداق ئورتاقلىق تېپىلمايدۇ. مانا مۇشۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساق، قالغان جۈملىلەرنىڭ سېلىشتۇرما تەھلىلى ئۈچۈن يول ئېچىۋالغان بولىمىز.

(2) مىسالدا، رۇس تىلىدىكى ئىسىم knigu (كىتاب) سوزۇق تاۋۇش u بىلەن ئاياغلاشقان. بۇ يەردىكى u تاۋۇشى ئوخشاشلا چىشى جىنسلىق، بىرلىك ۋە تۆتىنچى كېلىش (مەلۇم مەنىدىن ئالتاي تىللىرىدىكى چۈشۈم كېلىشكە ئوخشايدۇ) قاتارلىق ئۈچ خىل گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇمۇ ئوخشاشلا باشقا پۈكلەنمە ئۆزگىرىشلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا شەكىللەنگەن بىرخىل مورفولوگىيەلىك شەكىل ياكى «ھۈنەر» بولۇپ، ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر مۇستەقىل سۆزنىڭ گىراماتىكىلىشىش ياكى ياردەمچى سۆزگە ئايلىنىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن تەركىب ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق لېكسىكىلىق مەنە يوق، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى بولسا شۇ تىلنى قوللانغۇچىلارنىڭ ئۇزاق مەزگىل شۇ مەنىدە قوللىنىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. بىز ئوخشاشلا ئالتاي تىللىرىدىكى ئادىتىمىز بويىچە ئۇنى چۈشۈم كېلىش دەپ ئاتىساق ھەمدە ئالتاي تىللىرىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە بۇ يەردىكى u تاۋۇشىنىڭ ئۈچتىن بىرى چىشى جىنسىنى، ئۈچتىن بىرى بىرلىكنى، ئۈچتىن بىرى تۆتىنچى كېلىشنى ئىپادىلەيدۇ دېسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە رۇس تىلىنىڭ بىردەكلىك مۇناسىۋەت قائىدىسى بويىچە knigu نىڭ ئالدىدىكى كۆرسىتىش ئالماش etu (بۇ) ۋە سۈپەت intersnuyu (قىزىقارلىق)لار ئايرىم-ئايرىم ھالدا -u ۋە -uyu قاتارلىق تۆتىنچى كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن ئاياغلاشقان . بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلى پۈكلەنمە تىل ئەمەس بەلكى يېپىشقاق تىل بولغانلىقتىن، پۈتۈن بىرىكمىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى «كىتاب» سۆزىنىڭ كەينىگە ئۇزاق زامانلار جەريانىدا مەلۇم بىر مۇستەقىل سۆزنىڭ گىراماتىكىلىشىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن چۈشۈم

كېلىش قوشۇمچىسى «-نى» قوشۇلسىلا كۇپايە؛ ئەگەر «-نى» قوشۇمچىسى «بۇ»، «قىزىقارلىق» دېگەنلەرنىڭمۇ كەينىدە تەڭلا كۆرۈلسە ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇكى، گەرچە «-نى» قوشۇمچىسى «كىتاب»قا ئۇلىنىپ يېزىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ باشقۇرىدىغىنى يالغۇز بىر «كىتاب»لا بولماستىن، بەلكى «بۇ قىزىقارلىق كىتاب»، دېگەن بىر پۈتۈن ئىسىم بىرىكمىسىدۇر. بۇ نۇقتىدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوخشىشىدۇ؛ ئەگەر خەنزۇ تىلىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى "把" بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى «-نى» نى ئىپادىلىسەك، بىز بۇ ئورۇندا "这本有趣的把书" دېگەن شەكىلدىكى بىرىكمىگە ئەمەس، بەلكى "把这本有趣的书" دېگەن بىرىكمىگە ئېرىشىمىز. بۇ خىل سېلىشتۇرۇش بەلكىم پۈتكۈل گىراماتىكا سىستېمىسىغا بېرىپ تاقىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز سۆز تەرتىپى، تىپولوگىيە قاتارلىق ئامىللار ئارىسىدىكى پەرقنىڭ تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان (ياكى بۇ خىل تىپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان) ھالدا ئىنسانلاردىكى ئۇنىۋېرسال گىراماتىكا نۇقتىسىدىن خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئارىسىدىكى ئوخشاش گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ رۇس تىلىغا قارىغاندا خەنزۇ تىلى بىلەن بەكرەك ئوخشىشىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

(1) ۋە (2) مىسالدىكى ئىككى جۈملىنىڭ سېلىشتۇرما تەھلىلىدىن (3) ۋە (4) مىسال ئۈچۈنمۇ يول ئېچىۋالدۇق. ئەمەلىيەتتە، بىز يۇقىرىقى ئىككى جۈملىنىڭ تەھلىلىدە بايقىغان رۇس تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس قۇرۇلمىسىدىكى پەرقلەرنى (3) ۋە (4) مىسالدىنمۇ تاپالايمىز. شۇڭا، تەكرارلاشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۇقىرىدا سۆزلەنمىگەن بىر قىسىم پەرقلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

گەرچە (3) جۈملىدە مىسالغا ئېلىنغىنى «كىتاب» سۆزىنىڭ كۆپلۈك، چىشى جىنسلىق، بىرىنچى كېلىش (مەلۇم مەنىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى باش كېلىشكە تەڭ) شەكلى ۋە (4) جۈملىدىكىسى بولسا كۆپلۈك، چىشى جىنسلىق، تۆتىنچى كېلىش (مەلۇم مەنىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى چۈشۈم كېلىشكە تەڭ) شەكلى بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ بۇ ئىككى ئورۇندا كۆرگىنىمىز پەقەت «knigi» دىن ئىبارەت بىرلا خىل شەكىل؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، «eti» «بۇلار» ۋە «intersniye» «قىزىقارلىق» قاتارلىق ئېنىقلىغۇچى تەركىبلەرنىڭمۇ پەقەت بىر خىللا شەكلى كۆرۈلگەن. مانا بۇلار پۈكلىنىشچان تىللارنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىدۇر، يەنى بۇ گىراماتىكىلىق مەنىلەر سىرتتىن كەلگەن مەلۇم قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئەمەس بەلكى سۆز ئاخىرىدىكى مەلۇم تاۋۇشنىڭ ئالمىشىشىدىن بارلىققا كەلگەن گىراماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ تىلنىڭ قوللانغۇچىلىرى مۇناسىپ ئورۇندا شۇ بويىچە قوللانسىلا بولۇۋېرىدۇ. بىراق، ئالتاي تىللىرىدا ھەرخىل گىراماتىكىلىق مەنىلەر نەچچە مىڭ يىللىق گىراماتىكىلىشىشنى باشتىن كەچۈرگەن مۇناسىپ فۇنكسىيەلىك تەركىبلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل تاۋۇش ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى كارغا كەلمەيدۇ. بۇ يۇقىرىدا ئىككى خىل تىپتىكى تىللار ئارىسىدا تىلغا ئېلىنغان سىنتاكسىسلىق پەرققە قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئوخشىماسلىق. ئەمدى رۇس تىلىدىكى «نەشىر قىلىندى» دېگەن مەنىدىكى پېئىلنىڭ كەينىدە كۆرۈلگەن -lis,-las قاتارلىق تۈرلەنگەن شەكىللەرگە كەلسەك، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا پۈكلەنمە تىللارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلغان. يەنى سۆز ئاخىرىدا بىرلا قوشۇمچە شەخس، سان، زامان قاتارلىق گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى تەڭلا ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئالتاي

تىللىرىدىكى مۇناسىپ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن پەقەتلا ئوخشىمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى سېلىشتۇرما تەھلىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن رۇس تىلىنىڭ بىر قانچە تىپىك گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوقلۇقىنى، ئەكسىچە بىر-بىرىگە قىلچە ئوخشىمايدىغان ماھىيەتلىك پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، بىز ئەينى چاغدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن پۈكلىنىشچان تىللار بىلەن يېپىشقاق تىللارنىڭ گىراماتىكىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ھەممىنى قارا-قويۇق «تۈرلىگۈچى تەركىب»، «ئىسىمنىڭ پالانى كاتېگورىيەسى»، «پېئىلنىڭ پوكۇنى كاتېگورىيەسى» دېگەندەك تۈرلەر بويىچە چۈشەندۈرمەكچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىدۇق. بەلكىم خۇددى دۇنياغا داڭلىق تۈركولوگ ئا.ۋون گابائىن (Annemarie von Gabain) خانىم ئېيتقاندەك، ئۇلار پەقەت قولايلىق بولسۇن ئۈچۈنلا پۈكلىنىشچان تىللارنىڭ رامكىسىنى ئالتاي تىللىرىغا تاڭغان بولۇشى مۇمكىن[1]. ياكى ئۇلار ئەينى چاغدىكى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە مۇستەقىل سۆزلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ياردەمچى سۆزلەرگە سەل قارايدىغان ئېقىمنىڭ تەسىرىدە فۇنكسىيەلىك تەركىبلەرنى بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە تۈركىي تىللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزى فۇنكسىيەلىك تەركىبلەرنىڭ مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ئۇلاپ يېزىلىشىدەك ئىملا قائىدىسىمۇ ئۇنىڭ بىر سەۋەبى بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار دەسلەپتىلا ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيگۈزۈپ، ئۇل خاراكتېرلىك سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن. ئەلۋەتتە، بىز مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئالتايشۇناسلىق ساھەسىدىكى شۇ باشلامچىلارغا رەھمەت ئېيتمايمۇ تۇرالمايمىز. چۈنكى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئەنە شۇلار ھىندى - ياۋروپا تىللىرى تەتقىقاتىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئاساسىدا ھەر قايسى ئالتاي تىللىرى ئۈچۈن ھەقىقىي ئىلمىي گىراماتىكا كىتابلىرىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ، ئالاقىدار تىللارنىڭ گىراماتىكا ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ئۈچۈن زور قولايلىق ياراتقان؛ شۇنداقلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئالتايشۇناسلىق ساھەسىدە نەچچە ئەۋلاد تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئۇل سېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئەينى چاغدا تۇرغۇزغان گىراماتىكا رامكىسى تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بىراق، ئۇلار قارىغۇلارچە ئالتاي تىللىرىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق «تاۋلىنىش»نى باشتىن كەچۈرۈپ مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىشىشىدىن شەكىللەنگەن ئەمەلىي گىراماتىكىلىق مەنىلەرگە ئىگە فۇنكسىيەلىك تەركىبلەرنى ھىندو-ياۋروپا تىللىرىدىكى سۆزنىڭ ئىچكى قىسمىدا پۈكلەنمە ئۆزگىرىشتىن شەكىللەنگەن ھەرخىل «ھۈنەر كۆرسىتىش» بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى «تۈرلىگۈچى» دېگەن نام بىلەن مورفولوگىيەنىڭ مەلۇم كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈپ چۈشەندۈرگەن. نەتىجىدە بۇ خاتالىق ئالتاي تىللىرىدىكى فۇنكسىيەلىك تەركىبلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى بىراقلا يوققا چىقىرىپ، سىنتاكسىس تەتقىقاتچىلىرىنى سىنتاكسىسقا باشلاپ كىرىدىغان ئەڭ مۇھىم يىپ ئۇچىدىن مەھرۇم قالدۇرغان. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنداق سەۋەنلىك بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن ئالتاي تىللىرىغا تەۋە ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق باشقا تىللاردىكى ياردەمچى سۆزلەر ياكى فۇنكسىيەلىك تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىشىشىدىن شەكىللەنگەنلىكىدەك ئورتاقلىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئۇلار ئارىسىدىكى

بەزى ئوخشاش سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلارغا قارىتا سىستېمىلىق سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قەدىمىنىمۇ توسۇپ قويغان. بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز پۈكلەنمە تىللارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئالتاي تىللىرىدىكى ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ ھەرخىل فۇنكسىيەلىك تەركىبلەر بىلەن بىرلەشكەن شەكلىنى مەلۇم كاتېگورىيە بىلەن تولەنگەن ئىسىم ياكى پېئىل دەپ ئاتىۋېلىپ، ئۇلاردا پەيدا بولغان ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى كۆرمەسكە سالغان ياكى شۇ خاتا تەبىرلەر تۈپەيلى بىخۇدلىشىپ، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق قاتلامدا كۆرۈلىۋاتقان ئالاھىدىلىكلىرىنى بولسا مورفولوگىيە قىسمىدا ئاللىقاچان چۈشەندۈرۈپ بولغان دەپ قاراپ، ھېچقاچان تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقمىغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ئۇسۇل ھېچقانداق بىر ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلغان ئەمەس، ئەكسىچە مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىسنىڭ ئىش تەقسىماتىدا قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. مانا بۇ بىزنىڭ ئىلگىرىكى گىرامماتىكا كىتابلىرىمىزدا:

[[qästän qil]ma-] "不是故意做" بىلەن

[qästän [qil – ma -]] "故意不做" ئوتتۇرىسىدا

سىنتاكسىسلىق قاتلام مۇناسىۋەت جەھەتتىن قانداق پەرق بار؟ نېمىشقا:

"[从[新屋子]] " [[yeňi öy]+din]]

دېگەن بىردىنبىر گىرامماتىكا ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەھلىل، ئەكسىچە:

"*[新[从屋子]]" *[yeňi [öy+din]]

بولسا گىرامماتىكىغىمۇ، لوگىكىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەھلىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دېگەندەك ئەڭ ئاددىي مەسىلىلەرنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى.

ئەلۋەتتە، بىز بۇ جەرياندا ئەنئەنىۋى گىرامماتىكا رامكىسىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالتاي تىللىرىنىڭ تىل ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان گىرامماتىكا رامكىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۈزۈلكسىز تىرىشقان خەمىت تۆمۈر[2] ئەپەندى، چىڭگىلتەي[3] ئەپەندى قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ. تەتقىقاتچى داۋ بۇ ئەپەندىنىڭ مۇنۇ پىكرى بەلكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن: «ئىلگىرى مەملىكىتىمىزدىكى يېپىشقاق تىپتىكى تىللارنى تەسۋىرلىگەن گىرامماتىكا كىتابلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھىندى - ياۋروپا تىللىرىنىڭ گىرامماتىكا نەزەرىيە رامكىسىدىن پايدىلانغان...... گەرچە كىشىلەر يېپىشقاق تىللارنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ پۈكلەنمە تىللار بىلەن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، يېپىشقاق تىللارنىڭ گىرامماتىكىسىنى تەسۋىرلەشتە سۆز ئۆزەكنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان قوشۇمچىلارنى يەنىلا مورفولوگىيەلىك ھادىسە دەپ قاراپ، قوشۇمچىلارنى يەنىلا مەلۇم سۆز تۈركۈملىرىگە بېقىندۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ كەلدى. لۇ شۇشياڭ ئەپەندى قوشۇمچىلار سۆز ئاخىرىغا قوشۇلۇش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، يەنە سۆز بىرىكمىلىرىگىمۇ قوشۇلالايدۇ، دېگەن ئىدى. بۇ سۆز بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشنى بۆسۈپ ئۆتۈشىمىزگە ناھايىتى زور جۈرئەت ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ»[4]. قىسقا ئەمما دەل جايىدا ئېيتىلغان بۇ بىر قانچە جۈملە سۆز مەملىكىتىمىزدىكى يېپىشقاق تىللارنىڭ گىرامماتىكا تەتقىقاتىدا ئۇزۇن مەزگىل ساقلانغان مەسىلىلەرنى دەل جايىدا ئېچىپ بەردى. بۇ سۆز يەنە مەملىكىتىمىزدىكى ئاتاقلىق تىلشۇناس لۇ شۇشياڭ (吕叔湘) ئەپەندىنىڭ يىراقنى كۆرەر مۇلاھىزىسى ئارقىلىق بىزنى كونا ئەنئەنىنىڭ چۈشىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەملىكىتىمىزدىكى يېپىشقاق تىپتىكى ئالتاي تىللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەسۋىرلەش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشىمىزغا رىغبەتلەندۈردۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى پۈتكۈل گىرامماتىكا سىستېمىسىنىڭ ماكرولۇق تەڭشىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئەسلىدە قۇرۇلمىچىلىق

نەزەرىيەسى دەۋرىدىلا بايقاش تەرتىپى(发现程序)نىڭ ئىككىدىن پارچىلاش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىۋېتىلىدىغان بۇ مەسىلە تا بۈگۈنگىچە سۆرىلىپ كېلىپ، چومىسكىينىڭ ھاسىلاتما گىراماتىكا نەزەرىيەسىدە ھەل قىلىنىشنى كۈتتى. شۇنداق، بىز چومىسكىينىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدە قوزغىغان بىلىش ئىنقىلابى(认知革命)غا ناھايىتى مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. بىز ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىدە تۇغما بار بولغان «تىل ئورگىنى» قىياسى ۋە ئىنسانلار تەبىئىي تىلنىڭ ئۇنىۋېرسال گىراماتىكىنىڭ ئىسكەنجىسى ئارقىلىق ھەرخىل چەكلىك بولغان پارامېتىرغا ئېرىشىش قىياسىنىڭ يورۇتمىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ گىراماتىكىدىكى فۇنكسىيەلىك تەركىبلەرنى يادرولۇق ئورۇنغا قويۇش، ئىككىدىن بىرىكىش پىرىنسىپى(二合法) غا قاتتىق ئەمەل قىلىش ئاساسىدا ھەرقانداق تىلنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، بۈگۈنكى كۈندە يېپيېشقاق تېپتىكى ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىنى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان «گۆرۈگە ئېلىنىۋالغان» ھەمدە پۈكلىنىشچان تىللارنى قارىغۇلارچە دوراپ ئىشلەتكەن ئاتالمىش «تۈرلىگۈچى قوشۇمچە»، «ئىسىمنىڭ پالانى كاتېگورىيەسى»، «پېئىلنىڭ پوكۇنى كاتېگورىيەسى» دېگەندەك ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ئاتالغۇلار ۋە مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە ۋە ئېنىقلىمىلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتۇلدۇرۇپ، مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىدىغان ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىپ، ئالتاي تىللىرىنىڭ تەتقىقاتىنى توغرا يولغا باشلىدۇق. مانا بۇ «ئەڭ ئاددىي لايىھە- ئالتاي تىللىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى» ناملىق كىتابنى يېزىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئايىم.

## 3. خۇلاسە

يۇقىرىقى مۇھاكىمە ئارقىلىق مەن ئۆزۈمنىڭ تۆۋەندىكى قاراشلىرىمنى تەكىتلىمەكچى:

بىرىنچى، كەسپىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ لاياقەتلىك تىل خىزمەتچىسى بولۇشىمىز لازىم. ئالتاي تىللىرى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بىر خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، نۆۋەتتە بىزمۇ ئوخشاشلا نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يۈكلىگەن تارىخىي بۇرچىمىزنى ياخشى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، بىزنىڭ گىراماتىكا تەتقىقاتىمىز ئاتالمىش «تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار»، «ئىسىمنىڭ پالانى كاتېگورىيەسى»، «پېئىلنىڭ پوكۇنى كاتېگورىيەسى» دېگەندەك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونا مۇقامدىن پۈتۈنلەي ئادا- جۇدا بولۇشى ۋە شۇنداقلا، ھاسىلاتما گىراماتىكا نەزەرىيەسىنىڭ ئىككىدىن بىرىكىش پىرىنسىپى ۋە بىر خىل قۇرۇلمىغا فونېتىكا، قۇرۇلما شەكلى ۋە لوگىكا قاتارلىق بىر قانچە تەرەپلەردىن تەڭلا مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللاردىن چەتنەپ كەتمەسلىكى كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ۋە سىرتتىن كىرگەن نەزەرىيەنى يەرلىكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى زۆرۈرىيەتتىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

ئىككىنچى، تەتقىقاتىمىزدا ئاۋۋال مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشىمىز لازىم. پېشقەدەملىرىمىزنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ئۇلار پۈكلىنىشچان تىللارنىڭ گىراماتىكا قۇرۇلمىسىنى دوراپ، ئەسلىي سىنتاكسىسنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدىغان سان، تەۋەلىك، كېلىش، دەرىجە، تۇس، ئىنكار، تۈرغۇن سۆز شەكلى، زامان، شەخس، راي قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ئون نەچچە خىل گىراماتىكىلىق فۇنكسىيەلىك تەركىبنى مورفولوگىيە دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويغان. نەتىجىدە، ئەسلىدىنلا نەچچە

يۈزلىگەن ياسىغۇچى تەركىبنى شەرھلەش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مورفولوگىيەنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئارتىپ ۋە كېلەڭسىزلىشىپ، سىنتاكسىس ئەكسىچە كەمتۈكلىشىپ قالغان. نەتىجىدە خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك:

"不是故意做" [[qästän qil] -ma] بىلەن:

"故意不做" [ qästän [qil ] - ma]

ئوتتۇرىسىدا سىنتاكسىسلىق قاتلام جەھەتتىن قانداق پەرق بار دېگەندەك ئاددىي سوئاللارغىمۇ جاۋاب تاپالماسلىقتەك پاسسىپ ھالەتتە قالغان ئىدۇق. پېشقەدەملىرىمىزنىڭ سىنتاكسىس تەتقىقاتىدىكى ئەنئەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئىلگىرىكى قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمىنىڭ بايقاش تەرتىپىنى قوللىنىشقىمۇ ئۇرۇنۇپ باققان ھەمدە جۈملە تەركىبلىرىنىڭ ئاستىغا تۈز سىزىق، ئەگرى سىزىق دېگەندەكلەرنى سىزىش ئارقىلىق ئوخشىمىغان جۈملە تەركىبلىرى ۋە سىنتاكسىسلىق قاتلام مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئەمما قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار گىراممىاتىكىلىق فۇنكسىيەلىك تەركىبلەرنىڭ ئاستىغا كەلگەندە ھېچقانداق سىزىق سىزماي ئۆتۈپ كەتكەن. ئەجەبا بۇ تەركىبلەر تاشقى پىلانېت ئادەملىرى قىستۇرۇپ قويغان تەركىبمۇ؟ ياق، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ يەردە ئېغىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەن: ئەگەر بۇ تەركىبلەرنىڭ ئاستىغىمۇ سىزىقنى ئۆلىۋېتەي دېسە، ئۇ ئالدىدىكى جۈملە تەركىبىگە ئوخشىمايدۇ؛ ئەگەر ئوخشىمىغان سىزىق ئارقىلىق ئۇلار ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق قاتلام مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرەي دېسە، خۇددى ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلىغاندەك ئۆزى باشتا تۇرغۇزغان پۈتكۈل مورفولوگىيە سىستېمىسى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇلار ئۇ ئورۇننى ئاق قويۇشقا رازى بولۇپ ھېچقانداق سىزىق سىزمىغان. مانا بۇ بىزنىڭ پېشقەدەملىرىمىزنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ قىينالغان جايى. شۇڭا ئۇ تابۇگۇنگىچە ھېچكىم چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان «چەكلەنگەن رايون» بولۇپ قېلىۋەرگەن. بۇ ئىلگىرىكى گىراممىاتىكا سىستېمىسىنىڭ تەبىئىي كەمتۈكلۈكى بولغانلىقتىن، ئۇ پېشقەدەملىرىمىزنى «يېتەرلىك تەسۋىرلەش ۋە يېتەرلىك چۈشەندۈرۈش»تىن ئىبارەت ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىرەر قەدەم ئىلىش مۇمكىنچىلىكىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلغان. ئەگەر بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلگىرىكى گىراممىاتىكا سىستېمىسىنىڭ تەبىئىي كەمتۈكلۈكىنى تونۇپ يېتەلمىسەك، بۇ ئاتالمىش «چەكلەنگەن رايون»دىن مەڭگۈ بۆسۈپ چىقالمايمىز. ئەگەر بىز پېشقەدەملىرىمىز ماڭغان ئاشۇ ئەگرى يوللارنى بىلىپ تۇرۇپ قايتىلىساق، بۇ بىز يېڭى دەۋر تىل خادىملىرى ئۈچۈن نومۇس.

يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز چوقۇم نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، سىرتتىن كىرگەن نەزەرىيەلەرنى يەرلىكلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مىسلىسىز قويۇقلىشىپ، ھەممىلا دۆلەت دېگۈدەك سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەرلىكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر سىناققا دۇچ كەلمەكتە. خۇددى پارتىيە ۋە خەلقىمىز ماركسىزمنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش يولىدا ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىنىدەك، تىلشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ چەتتىن كەلگەن ئىلىممۇ ئۆز تىل ئەمەلىيىتىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈش ئاساسىدا يەرلىكلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. ئەگەر بىز مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسىغا ئوخشاتساق، ئۇنداقتا سودىدىكى پەرق «ئاكتىپ بالانس» بولۇشى كېرەكمۇ ياكى «پاسسىپ بالانس» بولۇشى كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىنى ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مال ئىمپورت قىلغاندا ئەلۋەتتە «ئاكتىپ بالانس»نى قوغلىشىمىز.

چۈنكى، بىز ئىمپورت مال ئارقىلىق كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنى ياكى تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز؛ ئەكسىچە، ئەگەر سودا زىيىنغا ماگدىغان بولسا، ئۇنداق سودىدىن چوقۇم ۋاز كېچىشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، پېشقەدەملىرىمىز ئىلگىرى قوبۇل قىلغان پۇكلىنىشچان تىللارنىڭ گىراماتىكا رامكىسى ئالتاي تىللىرىنىڭ سىنتاكسىس مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە پېشقەدەملىرىمىزنى سىنتاكسىس مەسىلىسىنى ھەل قىلىش «ئاچقۇچ»ىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «زىيىنغا ماگدىغان سودا» ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىغان.

يۇقىرىقى ئىككى مەسىلە، بىز ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتچىلىرىنى ئىلگىرىكى خاتا گىراماتىكا سىستېمىسىدىن ئادا-جۇدا بولۇپ، ئىلمىي گىراماتىكا سىستېمىسى قۇرۇشىمىزنى ۋە بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرى، قوش تىل ياكى كۆپ تىل دەۋرىدىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش، تەتقىقات خىزمىتىدىكى تارىخىي بۇرچىمىزنى ياخشى ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بىر خىل پۇتلىكاشاڭغا ئايلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۈشكۈل ۋەزىپە؛ بۇنى چوقۇم دەرسلىك قۇرۇلۇشىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا قارىتا، مەن 2017 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى ۋە قازاق تىلى گىراماتىكا دەرسلىكى تۈزۈش توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «بېيپىشقاق تىللارنىڭ گىراماتىكا سىستېمىسى چوقۇم پۇكلىنىشچان تىللارنىڭ گىراماتىكا سىستېمىسىنىڭ چۈشىكىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك» دېگەن تېمىدىكى ماقالەمنى ئوقۇپ ئۆز كۆز قارىشىمنى ئىپادىلىگەن ئىدىم، شۇڭلاشقا، بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمايمەن.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇشىمىز لازىم. خۇددى چېن شيەندا ئەپەندى ئېيتقاندەك، ماركس زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ، ئۇ بىر ئادەم ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالىغان ئىكەن، ھەرگىزمۇ پىشلاق ئىچىدىكى قۇرتتەك ئۆزىنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك، دەپ ئېيتقان[5]. ئېنىقكى، بۇ سۆز ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، مۇشۇ ماقالىنى يېزىشىممۇ بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغان دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئەسلىدە مېنىڭ «ئەڭ ئاددىي لايىھە-ئالتاي تىللىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى» ناملىق كىتابىمنىڭ يېزىلىپ نەشر قىلىنىشى مېنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىمنىڭ قىسمەن ئادا قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق، نۆۋەتتە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئېتىراپ تۇيغۇسىنى تەكىتلەش زۆرۈر بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتلەردە، ئالتاي تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلى ئارىسىدا بايقالغان گىراماتىكىلىق ئورتاقلىقنى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن تونۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تىپولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان مەسىلە ئەمەلىيەتتە بېيپىشقاق تىپ، يەككە تىپ ۋە پۇكلىنىشچان تىپلار ئارىسىدا سېلىشتۇرۇش ۋە تاللاش ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ. ئالدى بىلەن شۇنى ئەسكەرتىمەنكى، مەندە ھەرگىزمۇ تىللاردىكى بىر خىل تىپنى يەنە بىر خىل تىپتىن ئەۋزەل كۆرىدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش يوق. خۇددى تىلنىڭ ياخشى-يامان ئايرىمىسى بولمىغىنىدەك، تىل تىپلىرىنىڭمۇ ھېچقانداق ياخشى-يامان ئايرىمىسى بولمايدۇ. ھەممىسى ئوخشاشلا ئىنسان مېڭىسىنىڭ چەكسىز ئەقىل-پاراستى ۋە سېھرىي كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ. بېيپىشقاق تىللاردىن ئۇلارنىڭ قوللانغۇچىلىرىنىڭ

ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ھەر خىل مۇستەقىل سۆزلەرنى «تاۋلاپ»، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ياردەمچى سۆز ۋە قوشۇمچىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتەك «تىرىشچان ھۈنەرۋەن» روھىنى ھېس قىلىمىز؛ يەككە تىللاردىن ئۇنىڭ قوللانغۇچىلىرىنىڭ مۇستەقىل سۆزلەردىن مول ياردەمچى سۆزلەرنى «تاۋلاپ» چىقىپ، ئۇنى جانلىق ۋە ئۆزگىرىشچان سۆز تەرتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقانداق ئۇچۇرنى ئىقتىسادچىل قولاي يول بىلەن يەتكۈزۈشتەك «پاراسەتلىك تىجارەتچى» روھىنى ھېس قىلىمىز؛ پۈكلەنمە تىللاردىن بولسا، ئۇنىڭ قوللانغۇچىلىرىنىڭ خۇددى ئۇستا سېھىرگەردەك بىر سۆزنىڭ ئۆز ئىچىدىن ھەر تۈرلۈك ئۆزگىرىش ياساپ «ھۈنەر » كۆرسىتىشتەك بىر خىل «بەدىئىي سېھرىي كۈچ»نى كۆرۈۋالالايمىز. بىراق، يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكا ۋاسىتىلىرى نەچچە ئەۋلاد پېشقەدەملىرىمىز تەسۋىرلىگىنى ۋە قوغلاشقىنىنىڭ ئەكسىچە، پۈكلىنىشچان تىللار بىلەن قىلچە ئورتاقلىققا ئىگە ئەمەس، بەلكى يەككە تىل تىپىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى بىلەن مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە. يەنە كېلىپ، بەزى كونتېكستلاردا خەنزۇ تىلىدىكى مىساللار بىزنىڭ بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، بىز تىلىمىزدىكى سۆز تەرتىپىنىڭ دەخلىسىگە ئۇچراپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى:

“不是故意做” [[qästän qil]-ma] بىلەن:

“故意不做” [qästän [qil-ma-]]

دېگەندەك ئىپادىلەردە ئىنكار تەركىب -ma نىڭ ئىنكار دائىرىسىنى جەزملەشتۈرەلمەي قالساق، خەنزۇ تىلىدىكى ”不是“ ياكى ”不“ نىڭ ماس ھالدىكى ئىپادىدە ”故意做“ نىڭ ئالدىدا كېلىدىمۇ ياكى پەقەت ”做“ دېگەن بىرلا پېئىلنىڭ ئالدىدا كېلىدىمۇ دېگەنگە قارىساقلا چۈشىنەلەيمىز. چۈنكى، فۇنكسىيە جەھەتتىن خەنزۇ تىلىدىكى ئىنكار رەۋىش ”不“ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنكار تەركىب -ma ئارىسىدا ئورتاقلىق بار. ئوخشاشلا، yeňi öydin دېگەندەك بىرىكمىدە، «يېڭى» بىلەن «ئۆي» باشتا قوشۇلۇپ «يېڭى ئۆي» دېگەن بىرىكمىنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-دىن» قوشۇلۇپ:

“[从[新屋子]] ” [[yeňi öy]+din]]

دېگەن ھالەتكە كەلگەنمۇ ياكى «ئۆي» بىلەن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-دىن» باشتا قوشۇلۇپ «ئۆيدىن» دېگەن شەكىلنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئېنىقلىغۇچى تەركىب «يېڭى» بىلەن بىرلىشىپ:

* “ [新[从屋子]] [*yeňi [öy+din]]”

دېگەن بىرىكمىنى شەكىللەندۈرگەنمۇ دېگەندەك مەسىلىلەردە خەنزۇ تىلىدىكى سۆز تەرتىپى ئەينەكلىك رولىنى ئويناپ، بىزگە قايسى خىل قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق قۇرۇلمىلاردا خەنزۇ تىلىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى ”从“ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-دىن» فۇنكسىيە جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. بىراق، ئوخشاش ئەھۋالدا پۈكلىنىشچان تىللاردىكى مۇناسىپ مىساللارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. چۈنكى، پۈكلىنىشچان تىللارنىڭ بىردەكلىك ئۆزگىرىشى بىزنى ھېچقانداق پايدىلىق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، مەن يەنە ئۆزۈمنىڭ «مەدەنىيەت پەرقىدىن تىللار ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرگە نەزەر: ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدىكى سوئال قۇرۇلمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەھلىل»[6] ناملىق ماقالەمدە ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى (ئىنگلىز تىلى بىلەن ئەمەس)دا كۆرۈلگەن سوئال قۇرۇلمىلىرىنى ياساش ئۇسۇلى، قايتۇرما سوراق جۈملىنىڭ ياسىلىشى ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش، راي ئۇلانمىلىرىغا تايىنىش، سوئال

نۇقتىسىنىڭ گەۋدىلىنىش دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئورتاقلىقلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جى شيەنلىن ئەپەندىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتە «شەرقلىقلەردە سىنتېتىك تەپەككۇر، غەربلىكلەردە ئانالىتىك تەپەككۇر ئۇسۇلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ»[7] دېگەن يەكۈنىنىڭ ئىلھامى بىلەن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر ئوخشاشلا سىنتېتىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئورتاقلىقنى بايقىدىم. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شېن جياشۇەن[8]، ۋاڭ ۋېنبىن[9] قاتارلىق تىلشۇناسلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرىدىنمۇ بۇ ھەقتە ئاز بولمىغان ئۇچۇرغا ئېرىشتىم. مەن 2017-يىلى 5-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىدا ماكان تېپىدىكى تەپەككۇر ۋە زامان تېپىدىكى تەپەككۇر، ئىسىم خاراكتېرلىك تىل ۋە پېئىل خاراكتېرلىك تىل قاتارلىق ماكرولۇق مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە قارىشىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى نۇقتىسىدىن ئۇچ قېتىم لېكسىيە بېرىپ[10]، ئۆزۈمنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىمنى، يەنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ مىللەتلىرى ھەر ئىككىلىسى ماكان تېپىدىكى تەپەككۇرغا ئىگە مىللەت ئىكەنلىكى، تىل جەھەتتىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ تىلى ئىسىم خاراكتېرلىك تىل تۈرىگە كىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتىم. ئەلۋەتتە بىز بۇنداق سېلىشتۇرمىنى ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا سۆزلەرنىڭ ئورنىنى بوش قالدۇرۇشقا بولامدۇ - يوق، سۆز تەرتىپىدىكى نىسپىي ئوخشاشلىق دېگەندەك تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭ دائىرىگە كېڭەيتەلەيمىز. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئۇيغۇر تىلى ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدەك پۈكلىنىشچان تىللارغا قارىغاندا خەنزۇ تىلىغا تېخىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر زورۇر تېپىلسا، بىز بۇ خىل سېلىشتۇرمىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى ۋە تىلىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئەرەب تىلى، پارس تىلى قاتارلىق پۈكلىنىشچان تىللارغا قەدەر كېڭەيتىشىمىز مۇمكىن. لېكىن ئېرىشىدىغان نەتىجىمىز يەنىلا ئوخشاش. ئاددىي بىر مىسال كەلتۈرسەك، ئۇيغۇر تىلى ئەرەب تىلىدىكى يىلتىز سۆز «ك ت ب» (يازماق مەنىسىدە) دىن ھەر خىل پۈكلەنمە ئۆزگىرىش ياساپ تۈزۈلگەن «كىتاب»، «كاتىب»، «مەكتەپ»، «كۈتۈپخانا» (كۈتۈب: يېزىلغان نەرسە؛ خانا: پارسچە «ئۆي») دېگەندەك بىر قاتار سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. بىراق، بۇ ھەقتە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق بىر ئۇيغۇر ئۇلارنى ئوخشاش بىر سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن دەپ قارىماستىن، بەلكى ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم تۈزۈلگەن سۆز دەپ قارايدۇ. چۈنكى، پۈكلەنمە ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت بۇ خىل تىپ ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەيلى خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، رۇس تىلى، ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب تىلى ياكى پارس تىلى قاتارلىق تىللارنىڭ گرامماتىكا قۇرۇلمىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا بولسۇن ۋە ياكى تىلنى چىقىش نۇقتا قىلغان ئاساستا مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە قاراشلىرىنى تۈرگە ئايرىشتا بولسۇن، ئىنگلىز تىلى، رۇس تىلى قاتارلىق پۈكلەنمە تىللارغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى بەكرەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. خۇددى مەن يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمدەك، ئىنسانلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيەت تىپولوگىيەسىدە كۆپ خىل تاللاش ئىمكانىيىتى تۇرغان ئەھۋالدا، ئالتاي تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلى ئارىسىدىكى بۇ خىل ئورتاقلىقنىڭ بولۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاشۇ تىللارنى قوللانغۇچىلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئوخشاش بىر جۇڭخۇا تۇپرىقى ۋە ئەتراپىدىكى زېمىنلاردا ياشاپ كەلگەنلىكى، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ ۋە تەسىر كۆرسىتىشىپ «بىر جان بىر تەندەك» ئېچىل ئۆتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئەلـۋەتتە، بۇگـۈنكى كۈنـدە بىـز ئـاللىبۇرۇن بېئوتىلشۇناسلىق، نېرۋا تىلشۇناسلىقى قاتارلىق كۆپ نۇقتىلاردىن ئىنسانلار تىلىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش باسقۇچىغا كىرىپ بولدۇق[11]. چومىسكىينىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار مېڭىسىدىكى تىل ئورگىنىنىڭ مەركىزىدە مەلۇم نىسبەتتىكى سۆزلۈك ۋە بىرىكتۈرۈش، نۇسخىلاش، يۆتكەش قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان قايتىلىنىشچان قائىدە（规则递归性）لەر مەۋجۇت. بۇ قائىدىلەر ئورگان سىرتىدىكى سېزىم - ھەرىكەت ئۆتۈشمىسى（知觉-运动接口）ۋە ئۇقۇم - مەقسەت ئۆتۈشمىسى（概念-意向接口）بىلەن بىرلىكتە چوڭ مېڭىدە ئۈچ بۇرجەكنى ھاسىل قىلغان[12]. ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىچكى تىل سېزىم - ھەرىكەت ئۆتۈشمىسى ئارقىلىق سىرتقى تىلغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن ھەممە تىللار ئوپئوخشاش. پەقەت سىرتقى تىلغا ئايلىنىش باسقۇچىغا بارغاندىلا، ھەر قايسى تىللار ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق پارامېتىرىنى تاللاپ، دەۋرىمىزدىكىدەك نۇرغۇن تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، بۇ خىل تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئالتاي تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلى ئارىسىدىكى بۇ خىل ئورتاقلىق كەلگۈسىدە بەلكىم بۇ تىللارنىڭ ئوخشاشلا شەرقتىكى سېرىق تەنلىكلەر قوللانغان تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ قېنى ياكى گېنىدىن تېخىمۇ ئېنىق دەلىللەرگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن.

## ئىزاھلار:


[1] A.冯 • 加班. 古代突厥语语法（Anna Marie von Gaban Alttürkische Grammatik, Otto Harrassowitz Wiesbaden, 1941, 1950, 1974）[M]. 耿世民译. 内蒙古教育出版社, 2003: 78 -79.

[2] خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى توغرىسىدا»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1981(3).

[3] 清格尔泰.蒙古语语法[M]. 内蒙古人民出版社, 1991.

[4] 参见：道布.黏着型语言结构的描写问题 [J].原载《中国语文》, 1994(1). 收录于《道布文集》[C]. 中国社会科学院学术委员文库, 上海辞书出版社, 2005:238—241.

[5] 陈先达. 学者不能忽略社会责任[M]. 原引自陈先达：《学点哲学》, 人民日报出版社. 转引自《文摘报》, 2017 年 10 月 19 日，第 6 版。

[6] 力提甫•托乎提. 从文化差异看语言间的异同[M]. 被收录在中国人民大学书报资料中心《语言文字学》, 2015(9):25-37.（原发表在《语言与翻译》（汉文版）, 2015(2):5-14.

[7] 参见季羡林. 《东方文化集成》总序[M]. 写给拱玉书著《升起来吧！像太阳一样》——解析苏美尔史诗《恩美卡与阿拉塔之王》, 昆仑出版社, 2006:6.

[8] 沈家煊. 关于词法类型和句法类型[J]. 民族语文, 2006(6):3—9.《词类的类型学和汉语的词类[J], 当代语言学, 2015（2）: 127—145.

[9] 王文斌. 论英语的时间性特质与汉语的空间性特质[J]. 外语教学与研究, 2013(2):163—173. 从“形动结构”看行为动作在汉语中的空间化表征[J]. 外语教学与研究, 2015(6):803—813.

[10] 三次讲座的题目分别为：2017 年 5 月 8 日：《认知语言学视野下的时空与语言关系研究》；2017 年 5 月 9 日：《认知语言学视野下的动词研究》；2017 年 5 月 10 日：《类型学视野下的维吾尔语研究》.

[11] Chomsky, N. 2016. What Kind of Creatures Are We? [M]. New York: Columbia University Press；Robert C. Berwick & Noam Chomsky. 2016. Why Only Us: Language and Evolution. Cambridge, MA.: The MIT Press, vii+215pp.

[12] 孙玉. 为何只有我们.语言与进化（2016）书评[J]. 外语教学与研究，2017(5):791—794.

## پايدىلانمىلار:

1. A.冯•加班. 古代突厥语语法[M].（Anna Marie von Gaban Alttürkische Grammatik, Otto Harrassowitz Wiesbaden. 1941, 1950,1974），耿世民译，内蒙古教育出版社，2003:78-79.
2. 道布.黏着型语言结构的描写问题[J].原载《中国语文》，1994(1)，收录于《道布文集》，中国社会科学院学术委员文库，上海辞书出版社, 2005:238—241.
3. 陈先达.学者不能忽略社会责任[M].原引自陈先达.学点哲学，人民日报出版社；转引自《文摘报》，2017 第 6 版.
4. Chomsky, N. 2016. What Kind of Creatures Are We? [M]. New York: Columbia University Press .
5. خەمىت تۆمۈر: «يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى توغرىسىدا»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1981(3).
6. 季羡林.东方文化集成总序[M].写给拱玉书著《升起来吧！像太阳一样》——解析苏美尔史诗《恩美卡与阿拉塔之王》，昆仑出版社, 2006:6.
7. 力提甫•托乎提. 从文化差异看语言间的异同[J].《语言与翻译》(汉文版)，2015(2):5-14.
8. 清格尔泰. 蒙古语语法[M]. 内蒙古人民出版社， 1991.
9. Robert C. Berwick & Noam Chomsky. 2016. Why Only Us: Language and Evolution. Cambridge, MA.: The MIT Press, vii+215pp.
10. 沈家煊. 关于词法类型和句法类型[J]. 民族语文 ， 2006(6):3—9.
11. 沈家煊. 词类的类型学和汉语的词类[J].当代语言学， 2015(2):127—145.
12. 孙玉. 为何只有我们：语言与进化[J].（2016）书评，外语教学与研究， 2017(5):791—794.
13. 王文斌. 论英语的时间性特质与汉语的空间性特质[J].外语教学与研究， 2013(2):163—173 页.
14. 王文斌. 从“形动结构”看行为动作在汉语中的空间化表征[J]. 外语教学与研究， 2015(6):803—813.

تەرجىمە مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 11 - 065 - 01(2018) 5878 - 1005

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى چىنچە سۆزلۈكلەر ھەققىدە*

ئىسرائىل مۇتىللا

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830002)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار، بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن، قەدىمكى تۈركىي تىللارنىڭ ئىچىگە سىڭگەن بىر قىسىم چىنچە (خەنزۇچە) سۆزلۈكلەر ھەم شۇ دەۋردىكى غەربىي رايوندىكى تىللارغا سىڭىپ كىرگەن چىنچە ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ۋە كۆرسەتكەن تەسىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تۈركىي تىللار دىۋانى؛ قەدىمكى چىنچە ئاتالغۇلار؛ ئىشلىتىلىشى

## 论古（chin）秦（汉）语在《突厥语大词典》中的记载

伊斯热依力 · 木提拉

**摘要：**本文中通过古代文献记载，特别是《突厥语大词典》中记载的从（chin）秦（汉）语渗入古代突厥语的一些词汇，论述当时西域存在的各种语言中借入（chin）秦（汉）语的使用情况及其所产生的影响。

**关键词：**“突厥语大词典”；古语；词语名称使用

**Abstract:** Based on the ancient literary records, especially on old Chinese lexemes in Divan-i Lugat-it Turk, this paper discusses the existence, usage and impact of old Chinese lexemes to the various languages in the Western regions of ancient China.

**Keywords:** Divan-i Lugat-it Turk; old Chinese lexemes; usages

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H211　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. تىللارنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بىلەن موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە بىر - بىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارىم ۋادىسى ئارقىلىق تارقىلىشى، شۇنداقلا بىر قىسىم ئەسەرلەرنى قەدىمكى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا خەنزۇ تىلىدا بولمىغان بىر قىسىم سۆزلۈكلەر خەنزۇ تىلىغا سىڭىپ كىرگەن، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىر قىسىم كىشىلەرمۇ سودا قىلىش جەريانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ كېلىپ، مەھسۇلات ئارقىلىق بىر قىسىم خەنزۇچە سۆزلۈكلەرنىڭ غەربىي رايوندا تارقىلىشىغا ئاساس سالغان. مىلادىيە 4 - ئەسىردە قەدىمكى كۇسەنلىك مەشھۇر بۇددا دىنى ئۇستازى كۇمراجىۋانىڭ چاڭئەن، لوياڭلاردا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بۇ خىل تىل جەھەتتىكى تەسىر قىلىشىش داۋاملاشقان. مىلادىيە 5 - ئەسىردىن باشلاپ تاكى 10 - ئەسىرگىچە نۇرغۇن ئەسەرلەر غەربىي رايوندىكى خەلقلەر تىلىدىن

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئىسرائىل مۇتىللا (1976 - يىلى 6 - ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، تارىخ ئىلمى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خەنزۇچىغا ياكى خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەر غەربىي رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا تەسىر قىلىشىش ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. مىلادىيە 9 - ئەسىردە قەدىمكى بېشبالىقتا ياشىغان بۇددا دىنى ئۇستازى، مەشھۇر تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاڭ دەۋرىدە غەربىي رايون ۋە ئەنەتكەك يەنى ھىندىستانغا كېلىپ، نوم ئېلىپ كەتكەن شۈەنزاڭنىڭ ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەر 7 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر خەنزۇ سەيياھ، تەرجىمان، بۇددا ئالىمى شۈەنزاڭ (ھويقىتسۇ)نىڭ شاگىرتلىرى خۇيلى بىلەن ياڭ زوڭ تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، شۈەنزاڭنىڭ مىلادىيە 629 - 641 - يىللىرى غەربىي رايون، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا قىلغان سەپىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ بۇ ئەسەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، شۈەنزاڭ تەرىپىدىن خەنزۇچە خەتلەر بىلەن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان ياكى مەنا تەرجىمىسى بېرىلگەن غەربىي رايوندىكى بىر قىسىم يەر - جاي ناملىرىنى يەرلىك خەلقنىڭ تىلىدىكى ئەسلىي ئاتىلىشى بويىچە ئېنىقلاپ بەرگەن. بۇ دەۋردە غەربىي رايوندىكى قارا شەھەر تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئالتۇن يارۇق دېگەن بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرنى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ يەنە قايتىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. دېمەك بۇ دەۋردە ئۆزئارا تەرجىمە قىلىش راۋاجلانغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇرخۇن خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن مەڭگۈ تاشلارنىڭ بىرقىسمىدا خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان بايانلار بار. «ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى تۈرك - ئوغۇزلارغا ئوخشاش بىر مۇنچە تارىخىي پۈتۈكلەرنى قالدۇرغان. ئەمما ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ قىممەتلىك مەڭگۈ تاش خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان»[1]. شۇ دەۋردىكى يەرلىك ھاكىمىيەت بولغان قۇچۇ خانلىقى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىنىڭ، جۈملىدىن گەنجۇ خانلىقى بىلەن بولغان تىل - يېزىق، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ھەققىدە «دىۋان»دا مۇنداق مەلۇمات تىلغا ئېلىنىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت - چەك، ھۆججەتلەرنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ»[2]. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان «چىن»(خەنزۇچە) ئاتالغۇ ھەققىدە يەنە «تابغاچ. «ماچىن» ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول ئۇزاقتا. چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ »[3]، دەپ توختىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزئارا مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە بىر قىسىم خەنزۇچە سۆزلۈكلەر غەربىي رايونغا تارقىلىپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ سۆز - لۇغەت تەركىبىنى بېيىتقان. شۇنداقلا بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاز تولا ئۆزگىرىپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارغا ئايلانغان بولسا، يەنە بىر قىسمى شۇ دەۋردىكى خەنزۇ تىلىدىكى مەنىسىنى ساقلاپ قالغان. بۇ خىل سۆزلۈكلەرنىڭ بىرقىسمى مەھمۇد كاشغەرىي يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ دىۋان دېيىلىدۇ)دا تىلغا ئېلىنغان. تىل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، «دىۋان»دا يەنە ئەرەبچە، پارسچە ھىندىچە، قەدىمكى سوغدىچە، تۇبۇتچە، تاڭغۇتچە سۆزلۈكلەرمۇ بار. بۇ قاتاردا مەھمۇد كاشغەرىي بىر قىسىم سۆزلۈكلەرگە «چىنچە» دەپ ئىزاھات بېرىپ، قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى تىلغا ئالغان.

خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئاساسلىقى: يىپەك رەختلەرنىڭ ناملىرى بولۇپ، بەزى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ھەتتا قەدىمكى گىرېك تىلىدىن تۈركىي تىللارغا ئۆزلەشكەن سۆزلۈكلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. بۇ سۆزلۈكلەرنى تۈركىي تىللىق قوۋملار ئورتاق قوبۇل قىلغان بولماستىن، بەلكى بەزى سۆزلەرنى قەدىمكى يەرلىك تىل تەركىبىدىن قوبۇل قىلسا، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنى شۇ مىللەتلەرگە يېقىن ئولتۇراقلاشقان قوۋملار تەرىپىدىن ئالدى بىلەن قوبۇل قىلىنىپ، ئاندىن باشقا قوۋملار ئىچىگە

تارقىلىشقا باشلىغان.

«دىۋان» دىكى قەدىمكى خەنزۇ تىلىغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلۈكلەر ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى، ئەسلىي كېلىپ چىقىشى چىنچە، ئەمما «دىۋان»دا تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ سۆزلۈكى دېيىلگەن، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاتا ئەجدادلىرى دەۋرىدىلا ئۆز تىلىنىڭ لېكسىكىسىغا سىڭىپ كەتكەن سۆزلەر. يەنە بىر خىلى، تۈركىي تىللارنىڭ سۆز تەركىبىگە كىرمىگەن، «دىۋان»دا چىن (خەنزۇچە. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بەلكىم قىتانچە، تاڭغۇتچە سۆزلۈكلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن )چە دېيىلگەن سۆزلۈكلەردىن ئىبارەت. بۇ سۆزلەرنىڭ «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنىشى شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىر قىلىش،ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش ئىشلىرىنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## 2. «دىۋان»دىكى غەربىي رايوندىكى تىللارغا ئۆزلىشىپ كەتكەن «چىنچە» ئىزاھاتتا كەلگەن سۆزلۈكلەر

«دىۋان»دىكى غەربىي رايوندىكى خەلقلەر تىلىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن بىر قىسىم سۆزلۈكلەر ھەققىدە تىلشۇناسلار تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەم بۇ ئارقىلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى بىر قىسىم يوقالغان سۆزلۈكلىرىنىڭ «دىۋان» ئارقىلىق ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشتى. بۇ تەتقىقاتلار ئارقىلىق جۈملىدىن قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ شۇ دەۋردىكى تاڭ، سوڭ سۇلالىلىرى بىلەن موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە غەربىي رايوندىكى قوۋم-مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىزغا چوڭ ياردىمى بار. مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئۆزىنىڭ تارىمدىن تامچە دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «لېكسىكىدا شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قاراخانىيلار تەۋەسىدە، بولۇپمۇ ‹خاقانىيە› ئۆلكىسىدە يېزىلغان ‹دىۋان› غا ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەر ئاساسەن كىرگۈزۈلمىگەن(ئوغۇزلار تىلىدىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ ياكى «خاقانىيە تىلى»دىكى ئايرىم كىشى ناملىرىنىڭ ئەرەبچە ياكى پارسچىغا ئوخشايدىغانلىقى ھەققىدە ئىزاھ بەرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا). لېكىن، ئۇزاق زامانلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى نەتىجىسىدە قەدىمكي ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن خەنزۇچە سۆزلەر بولسا «خاقانىيە تىلى»نىڭ سۆزلۈك تەركىبىدىكى ئۆز سۆزلەردىن قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، «قۇنچۇي» (ķunquy)– «خاتۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن خانىم» ،يەنى «خان قىزى» ، «ئايال، ئايالزادە» . ئەسلىي خەنزۇچە «gongzhu»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. مەدەنىيەت بويۇملىرىدىن «سىيا» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «مۆككە» (mŏkkə) سۆزىمۇ خەنزۇچىدىكى (mo - mok) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. ئاندىن «دىۋان»دا خەنزۇچىدىن كىرگەن ئىقتىسادقا ئالاقىدار ئاتالغۇلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «كىز»(kəz)، «ئاي» ، «شالاشۇ» ، «زۇڭۇم» دېگەندەك خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان يىپەك توقۇلمىلارنىڭ ناملىرى بار. بۇلاردىن «كىز»نى ئالساق، خەنزۇچە «kesi»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى،بۇنىڭغا مەھمۇد كاشغەرىي «چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت» ، دەپ ئىزاھات بەرگەن [4]. تۆۋەندە «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان بۇ خىل سۆزلۈكلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

ئاتالغۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار:

«دىۋان»دا قەدىمكى چىنچە سۆزلۈكلەرنىڭ

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىش نەتىجىسىدە تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكىسىغا قوشۇلۇپ، خاس ئاتالغۇغا ئايلىنىپ كەتكەن بەزى ئاتالغۇلار ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ. ئەمما بۇ سۆزلۈكلەر ۋە ئاتالغۇلار چىنچە دەپ چۈشەندۈرۈلمەيدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردىكى تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بۇ بىرقانچە ئاتالغۇنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنىڭ قەدىمكى چىنچە ئاتالغۇلار ئىكەنلىكى ھەققىدە قاراش ۋە ئۇچۇرلار مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ بىر قانچە ئاتالغۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ يىلتىزى ھەققەتەنمۇ چىنچە سۆزلۈكلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، يەنە بەزى چىنچىدىن كېلىپ چىققان دېيىلىۋاتقان ئاتالغۇلار بىر ياكى بىر قانچە تەتقىقاتچىنىڭ شەخسىي قاراشلىرى بولۇپ، تېخى بىرلىككە كەلگەن، ئېتىراپ قىلىنغان قاراشلار ئەمەس. «دىۋان»دا شۇ دەۋردىكى قوۋملارنىڭ تىلى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان، ئەمما ھازىر قەدىمكى چىنچە (خەنزۇچە) ئاتالغۇلاردىن كېلىپ چىققانلىقى ئېتىراپ قىلىنغانلىرىدىن بىرى «قۇنچۇي» ئاتالغۇسىدۇر. «kunquy. قۇنچۇي. خاتۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان خېنىم، مەلىكە، ئاغىچا. قاتۇن ـ قۇنچۇي. سۆزى شۇنىڭدىن ئېلىنغان» [5]. «دىۋان»دىكى بۇ ئاتاق قاراخانىيلارنىڭ ئوردا ئىچىدىكى خانىنىڭ ئايالى، خانىش قىزلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، قاراخانىيلاردا بۇ ئاتاق كەڭ قوللىنىپ، خانىنىڭ ئاياللىرىدىن باشقا، يەنە خان جەمەتىدىكى ئاياللارغىمۇ قوللانغان. بۇ ئاتاق قاراخانىيلاردىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قۇرۇلغان خانلىقلارغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئاتالغۇنىڭ شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارنىڭ ئارىسىغا تارقىلىشى ئۇرخۇن دالىسىدىكى بەگلىكلەرگە ياتلىق قىلىپ كېلىنگەن خەنزۇ مەلىكىلىرىنىڭ ئاتاق نامى دەپ قارىلىپ، كېلىپ چىقىش جەھەتتە خەنزۇچە گوڭجۇ(公主) بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ. تارىختا ئۆزئارا قۇدا ـ باجا بولۇپ ئۆتۈش خەن دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولغان بولۇپ، بۇ ئاتاق شۇ ۋاقىتلاردا شىمالدىكى قوۋملار ئارىسىغا تارقالغان. شىمالدىكى كۆچمەن خانلىقلارمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلارغا مەلىكىلىرىنى ياتلىق قىلىپ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرغان. شۇ سەۋەبتىن، گوڭجۇ ئاتاق نامى شىمالدىكى ۋە غەربىي رايوندىكى بەگلىكلەردە تېزلا ئومۇملىشىپ قوللىنىلغان. كېيىن بارا ـ بارا تىل جەھەتتە قۇنچۇي دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە، قاراخانىيلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سوڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىيال يوق. مەھمۇد كاشغەرىي قۇنچۇي ئاتالغۇسىنى خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خانىش-مەلىكىلەرنىڭ نامى قاتارىدا تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇ تىلىدىن كەلگەن «گوڭجۇ» ئاتاق نامىنىڭ «دىۋان»دا قۇنچۇي دەپ ئومۇملىشىشى دەل تارىختىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن ئۇرخۇن ۋادىسىدىكى خانلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان خان جەمەتىگە خاس قۇنچۇي ئاتالغۇسى دەل گوڭجۇ ئاتالغۇسىدىن كېلىپ چىققان كۆچمە نامدىن ئىبارەت.

«دىۋان»دا بىر قىسىم ئالىملار تەرىپىدىن قەدىمكى چىنچە (خەنزۇچە) دەپ قارىلىدىغان يەنە بىر ئاتالغۇ «تارخان» ئاتالغۇسىدۇر. «دىۋان»دا يەنە بىر قىسىم ھەربىي، مەمۇرىي ئۇنۋانلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇنۋانلارنىڭ بىرى تارىختىكى مەشھۇر نام تارخاندىن ئىبارەت. بۇ ئاتالغۇنىڭ ئوقۇلۇشى ئەسلىدە «تارقان»دۇر. بۇ ئاتاق نامى چۆللۈكنىڭ شىمالدىكى قوۋملاردا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك مەڭگۈ تاشلاردا كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. «دىۋان»دا تارخان ئاتالغۇسى ھەققىدە «تارخان. ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى بەگ مەنسىدىكى بىر مەنسەپ نامى. ئارغۇچە»[6]، دەپ توختىلىدۇ.

يۇقىرىقى مەلۇماتتا تارخان نامىنىڭ ئارغۇ قەبىلىسىنىڭ تىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئاتالغۇ ئورخۇن خانلىقىدىكى ئەمەل مەنسەپلەر ئىچىدىمۇ «تارقان» شەكلىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردىكى تارقان ئاتىقىنى ئالغانلار خان جەمەتى ئىچىدىكى تۆھپىكارلار ۋە ھەربىي ھوقۇقتا ئىگە ئىمتىيازلىق كىشىلەردىن بولغان.

«دىۋان»دا ئارغۇلارغا باغلاپ بايان قىلىنغان بۇ نامنى بىر قىسىم تارىخچىلار خەنزۇ تىلىدىكى داگۇەن (大官) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە بۇ قاراشنى ياپونىيەلىك يۇتىيەنخېڭ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان [7]. ئارغۇ تىلىدىكى بۇ ئاتاق نامىنىڭ خەنزۇچە داگۇەن(大官) يەنى چوڭ ئەمەلدار دېگەن نام بىلەن قانداق قىلىپ بىر سۆز ئىكەنلىكى ھەققىدە يۇ تىيەنخېڭ ئەپەندىنىڭ تەپسىلىي كۆز قارىشىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارخان ياكى تارقان ئاتالغۇسى خەنزۇچىغا (达汗) دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، گېڭ شىمىن ئەپەندى: «تارقان دېگەن ئاتالغۇ ئېھتىمال خەنزۇ تىلىدىكى داگۇەن (大官) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ تۈرك تىلىدىن ئاھاڭ بويىچە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا تارقان (达汗) بولۇپ قالغان، تارقاننىڭ ئورنى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ،ئۇ سانغۇن بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرغان»[9] دەيدۇ.

«دىۋان»دا ئارغۇلار توغرىسىدا يەنە، «ئىسپىجاپ شەھىرىدىن تاكى بالاساغۇنغىچە بولغان پۈتۈن ئارغۇ شەھەرلىرى خەلقلىرىنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار»[10]، «سوغداق، كەنچەك، ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ»[11]، دېگەن بايانلاردىن ئارغۇ قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ تىل بىلىدىغان قوۋم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. بۇنىڭدىن تارخان ئاتالغۇسىنىڭ ئورخۇن ۋادىسىكى قوۋملاردىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوۋملارغا ئارغۇلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق كىرگەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. «دىۋان»دا ساپ بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن ئارغۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ، «يۇقىرىقىدەك تىلدا بۇزۇقچىلىق بار، ئىككى خىل تىل بىلىدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ»، دېگەندەك بايانلاردىن ئارغۇلارنىڭ تىلىنىڭ ساپ ئەمەسلىكى، باشقا خەلقلەرنىڭ تىلىنىمۇ بىلىدىغانلىقى ئاياندۇر. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تارخان ئاتالغۇسىنى ئارغۇلار تىلىدىن بايان قىلىشى بىلەن، ئارغۇلارنىڭ تىلىدا باشقا تىللارنىڭ تەسىرى بارلىقى ھەققىدىكى بايانىنى بىرلەشتۈرسەكلا، تارخان ئاتالغۇسىنىڭ راستىنلا باشقا تىللاردىن كىرگەن ئاتالغۇ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارغا مايىللىشىمىز.

## 3. چىنغا مۇناسىۋەتلىك، ئەمما كېلىپ چىقىشى ئىزاھلانمىغان سۆزلۈكلەر

«دىۋان»دا بىر قىسىم ئاتالغۇلار ۋە سۆزلۈكلەرنىڭ تىل تەۋەلىكى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. بەزى كىشىلەر مەھمۇد كاشغەرىي تىل تەۋەلىكى جەھەتتە ھېچقانداق ئىزاھ بەرمىگەن بەزى ئاتالغۇلارنى باشقا تىللاردىن كىرگەن دەپ قارايدۇ. بۇ ئاتالغۇلار ئىچىدە قەدىمكى چەنچە سۆزلۈكلەر بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك دەپ قارىلىدىغانلىرىمۇ بار بولۇپ، يېمەك - ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك ئوچۇردا ئايان بولىدۇ.

«دىۋان»دا يەنە، بىر قىسىم يېمەك - ئىچمەككە ئائىت بايانلار ئارىسىدا قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن بايانلارنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ بار. «دىۋان»دا خەلقلەر ئارىسىغا ئومۇملاشقان، كۈندىلىك تۇرمۇش، شۇنداقلا تېبابەت داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان لېتۇ دېيىلىدىغان سۈيۈق تاماق دەل بىر قىسىم تىل تەتقىقاتچىلىرى خەنزۇچە دەپ قاراۋاتقان سۆزلۈكتۇر. «دىۋان»دا تاماقلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان، ئەمما تىلشۇناسلار تەرىپىدىن

قەدىمكى چىنچە (خەنزۇچە) سۆزلۈكلەردىن كېلىپ چىققان دەپ قارىلىدىغان بىر ئاتالغۇ «لېتۇ» دېيىلىدىغان تاماقتىن ئىبارەت. «دىۋان»دا بۇ تاماق ھەققىدە مۇنداق توختىلىدۇ. « lətü.بىرخىل سۇيۇق تاماق. سۇ، قار، مۇزغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن سوۋۇتىلىدۇ. ئىچىشكە دورا - دەرمەك سېلىنىپ سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلىدۇ»[12]، «lətü» سۆزى ھەققىدە غەرب تىلشۇناسلىرى، جۈملىدىن كلاۋسون بۇ سۆزنى خەنزۇچە(冷淘) - lengtao دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ قانچىلىك ئاساسى بارلىقى ھەققىدە بىز بىر نەرسە دېيەلمىسەكمۇ، بىزدىن تىل تەتقىقاتى جەھەتتە ئالدىدا كېتىپ بارغان تىلشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىنى پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم.

## 3. چىندىن كەلتۈرۈلگەنلىكى ئىزاھلانغان سۆز - ئاتالغۇلار

«دىۋان»دا بىر قىسىم يېپەك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى چىندىن كەلتۈرۈلگەن، دەپ ئالاھىدە ئىزاھلايدۇ. بىز بۇنىڭدىن چىن مەھسۇلاتلىرىنىڭ شۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىك بىلەن غەربىي رايوننىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە غەربىي رايوندىكى قوۋملار ئارىسىدا كەڭ تارقالغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. بولۇپمۇ يېپەك بويۇملارنى ئىزاھلىغاندا چىندىن كەلتۈرۈلگەن ۋە چىندا ئىشلەپچىقىرىلغان دېگەندەك ئىككى خىل ئىزاھات ئۇچرايدۇ. گەرچە بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى چىن دىيارىدا ياسالغان ۋە غەربىي رايونغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بولسىمۇ، بۇ ئىككى سۆزنىڭ پەرقلەندۈرۈلۈپ قوللىنىشىدىن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ شۇ دەۋردىكى غەربىي رايوندىكى قوۋملارنىڭ تىلىغا ئۆزلىشىش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى- كېيىنلىك پەرقىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ. چىندىن كەلتۈرۈلگەن، دېيىلگىنى چىندا ياسالغان، ئەمما تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكىسىغا بۇرۇنلا سىڭىپ بولغان، غەربىي رايوندىكى قوۋملارغا نىسبەتەن بۇرۇندىنلا تونۇش بولغان تاۋارلارنى ياكى شۇ خىل تاۋار ياكى مەھسۇلاتنىڭ ئەسلىدىكى چىنچە تەلەپپۇزى ئاساسىدا يەرلىكتىكى قوۋم يېڭىدىن ئاتالغۇ ياساپ ئاتىغان مەھسۇلاتلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. چىندا ياسالغان دېيىلگىنى بولسا تېخى تىلغا ئۆزلەشمىگەن ياكى ئەمدىلا ئۆزلەشكەن ئاتالغۇلار ئىكەنلىكىدەك قىياسلارغا باشلايدۇ.

### 1) تىبابەتكە ئائىت ئاتالغۇ

چىندىن كەلتۈرۈلىدىغان مەھسۇلاتلار قاتارىدا «چاتۇق» تىلغا ئېلىنىدۇ. «چاتۇق. بىر خىل دېڭىز بېلىقىنىڭ مۈڭگۈزى، چىندىن كەلتۈرۈلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، چاتۇق بىر خىل ياغاچنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پىچاققا ساپ ياسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاماقتا زەھەرنىڭ بار يوقلىقى سىنىلىدۇ. ئۇ شورپا تاماققا سېلىنسا تاماق(زەھەرلىك بولسا) ئوتسىز قاينايدۇ. قاچىغا سېلىنسا، ھورسىز تەرلەيدۇ»[13]. گەرچە چاتۇق ئاغرىق داۋالايدىغان دورا بولمىسىمۇ، شۇ دەۋردە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ ئۆتەيدىغان رولى بەزى ۋاقىتلاردا دورىلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن. بۇ ئۇچۇر شۇ دەۋردە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خېلى كۆپ مىقداردا بويۇم ۋە دورا - دەرمەكلەرنىڭ سودا ئالاقىسىدا دىيارىمىزغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. گەرچە بۇ ئاتالغۇنىڭ يىلتىزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھازىرچە ئايدىڭ بولمىسىمۇ، مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن چىنچە دەپ ئىزاھلىنىشى بۇ خىل دورىنىڭ ئەسلىي چىنچە (خەنزۇچە)نامىدىن ئېلىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلغان ئاتالغۇ ئىكەنلىكى ھەققىدە قىياسلارغا باشلايدۇ. دوكتور ئا. سۇھەيىل ئۇنىۋەر «ئۇيغۇرلاردا تىبابەت » دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىدە ئەسلىي

يەرلىك مەنبەدىن تاشقىرى، يەنە غەرب ۋە شەرقنىڭ تەسىرى» [14] ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇ مەلۇماتلار شۇ دەۋردە مەيلى غەرب ياكى شەرق مەدەنىيىتى بولسۇن، يۇغۇرۇلۇپ ئۆز ئارا تەسىر قىلىپ كېتىدىغان ۋاقىتلارنىڭمۇ بولغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. ئېھتىمال بۇ ئىككى ئاتالغۇ بۇرۇنلا تىلغا ئۆزلىشىپ بولغان ياكى چىندىن كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلارغا ئۆز تىلىدىن سۆز ياساپ ئات قويغان ئاتالغۇلاردىن بولسا كېرەك.

2) پۈتۈكچىلىككە ئائىت سۆز

شۇ دەۋرلەردە غەربىي رايوندىن چىقمايدىغان، ئەمما ئىنتايىن مۇھىم بولغان بويۇملارمۇ سوڭ سۇلالىسىدىن توشۇپ كېلىنگەن. بۇ بويۇملار قاراخانىيلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ پۈتۈكچىلىك، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپلا قالماي، يەنە شۇ يېزىقنى يېزىشتا مۇھىم بولغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ھەققىدىمۇ بايانلارنى بېرىپ «مەككەھ. چىندىن كەلتۈرۈلگەن سىيا»[15]، دەپ توختىلىدۇ. گەرچە بۇ بويۇم چىندىن كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئېھتىمال چىنچە ئاتالغۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى چىنچە سۆزلۈكنىڭ غەربىي رايوندىكى قوۋملارنىڭ تىلىغا ئۆزلىشىپ كېتىپ، شۇ ۋاقىتلاردا لېكسىكىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن، يەرلىكلەشكەن ئاتالغۇ بولسا كېرەك.

3) چاي ۋە قاچا - قۇچىلارغا ئائىت ئۇچۇرلار

«دىۋان»دا يەنە چىندىن كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇپ بېرىلگەن ئىزاھلارمۇ خېلى بار. بۇ ئاتالغۇلار فارفۇر بويۇملار، شەھەر نامىلىرى، يىپەك رەخت نامىلىرى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. شۇ دەۋردە ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ تەسىرىدە سوڭ سۇلالىسى، جىن، لياۋ ۋە تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئالاقىلەر نەتىجىسىدە، مۇشۇ تىللاردىن يەنە بىر قىسىم ئاتالغۇلار غەربىي رايوندىكى قوۋملارنىڭ تىلىغا كىرگەن. ئەمما لېكسىكىسىغا كىرمەي، پەقەت شۇ ئەللەردىن كىرگەن مەھسۇلات نامىنى ئاتاشقىلا ئىشلىتىلگەن. بۇ شۇ دەۋردە ئىچكى جايلار بىلەن غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بىر قىسمى ساپال فار - فۇر بويۇملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ شۇ دەۋردە غەربىي رايون ئىقتىسادى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا تۇتقان ئورنى ھەققىدە مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

«دىۋان»دا يەنە ئىچكى جايلارنىڭ فار - فۇر بۇيۇملارنى ياساش تېخنىكىسى، شۇنداقلا قاچا - قۇچىلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىر خىل ئاتالغۇ بار بولۇپ، «qeliŋ. چەلىڭ. چىنە، فار - فۇر. چەلىڭ ئاياق – چىن تاۋىقى . چىنە تاۋاق»[16]، دېگەن مەلۇمات شۇ دەۋردە دىيارىمىزدا تارقالغان ئىچكىرى رايونلارنىڭ مەھسۇلاتى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن. قاچا - قۇچىغا ئائىت بايانلار ئىچىدە يەنە چىندىن كەلتۈرۈلگەن بىر قىسىم خام ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ساپالچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سىر، يىلىملارمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ھەقتە «دىۋان»دا «sir. سىر. چىنىلىقلار قاچىنى نەقىشلەپ سىرلايدىغان بىر خىل يېلىملىق بوياق.سىرلىغ ئاياق – سىرلىق ئاياق(قاچا) »[17]، «sal.سال. سىر يېلىمدىن ياسالغان يېپىشقاق نەرسە، چىن قاچا - قۇمۇچلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە سۈرتۈلگەندىن كېيىن، ئۈستىگە گۈل سىزىلىدۇ»[18].

يۇقىرىقى بايانلار شۇ ۋاقىتلاردا چىندىن كەلتۈرۈلگەن قاچا - قۇچىلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىدىن باشقا يەنە، شۇ قاچا قۇچىلاردىن ئېلىنغان ناملارنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدا كۆپلەپ ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ «چەلىڭ» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بەلگىلىك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، 2008 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر

ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوتكۇزۇلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا گېرمانىيەلىك پېتىر زىئېمە قاتارلىق ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ يىغىنغا سۇنغان ئىلمىي ماقالىلىرىدە ‹دىۋان› دىكى ئېتىمولوگىيەسى مەۋھۇم سۆزلەرنى تەتقىق قىلىپ، شۇ قاتاردا [qeliŋ] سۆزى ھەققىدە توختىلىدۇ. بىزمۇ شۇ يىغىندا ئوقۇغان ‹دىۋان› دىكى بىر خەنزۇچە كىرمە سۆزدىن باشلانغان مۇلاھىزە ناملىق ماقالىمىزدە مەخسۇس [qeliŋ] سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە توختالغانىدۇق. ئادەتتە بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى 茶 سۆزىدىن كەلگەنلىكىنى ھەممە ئالىملار بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى، يەنى[ling] قىسمى ئېنىق ئەمەس. بىزنىڭچە، بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ تىلىدا ‹ساپال قۇتا ياكى ساپال قاچا› دېگەن مەنىدىكى [瓴ling] سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ پەرىزىمىز توغرا بولسا [茶瓴qeliŋ] سۆزى ئۇيغۇر تىلىدىكى چايچىلىققا دائىر ئەڭ قەدىمكى سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ »[19].

## 4. چىندا ئىشلەنگەنلىكى ئىزاھلانغان سۆز ـ ئاتالغۇلار

«دىۋان»دا چىندا ياسالغان، ئىشلەنگەن دېگەن ئىزاھاتلاردىكى مەھسۇلاتمۇ بار بولۇپ، بۇ ئىزاھاتلار بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان يېرى، رەڭگى، تۈرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خىل ئىزاھاتلار يىپەك رەختلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. چىن ئاتالغۇسى بىللە تىلغا ئېلىنغان يىپەك رەختلەر ئىچىدە «خۇالىڭ »دەپ ئاتىلىدىغان يىپەك رەختىنى «چىندىن كەلتۈرۈلگەن» دەپ ئىزاھلىغاندىن سىرت، باشقا يىپەك رەختلەرنى «بىر خىل چىن يىپىكى» ، «چىندا ئىشلەنگەن» دېگەن ئالاھىدە ئىزاھلار بىلەن ئەسكەرتكەن. بۇ خىل ئەسكەرتىشتىن شۇ ۋاقىتلاردىكى قوۋملارنىڭ چىن يىپەكلىرىنىڭ تۈرلىرى، ئىشلەپچىقىرىلغان يېرى، ئەڭ مۇھىمى شۇ خىل يىپەك رەختلەرنىڭ ناملىرىنىڭ غەرب تەرەپتىكى قوۋملار ئىچىدە ئومۇملىشىش ۋاقتىنىڭ ئالدى كەينى ھەققىدە مەلۇم قىياسلارغا كەلگىلى بولىدۇ. «چىندا ئىشلەنگەن» ، دەپ ئەسكەرتىلگەن مەھسۇلات نامىلىرىنى بۇرۇندىنلا غەربىي رايون ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوۋملارنىڭ لېكسىكىسىغا ئۆزلەشكەنناملار قاتارىدا ئەمەس بەلكى، «دىۋان» پۈتۈلگەن دەۋرلەردىكى تارقىلىپ كىرگەن ناملار قاتارىدا ئىدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

1) پۇل

شۇ دەۋرلەردە سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مېتالدىن ياسالغان پۇللار ھەرقايسى جايلاردا كەڭ تارقالغان. «دىۋان»دا شۇ دەۋردە سوڭ سۇلالىسى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ پۇللىرى ھەققىدىمۇ بەلگىلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. بۇ ھەقتە « bakïr. باقىر. چىندا قۇيۇلغان بىر خىل مىس پۇلنىڭ ئىسمى. ئېلىم ـ سېتىمدا ئىشلىتىدۇ»[20] ، دېيىلگەن. گەرچە «باقىر» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغان پۇل چىندىن كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، چىنچە سۆزلۈكتىن ئېلىنىپ غەربىي رايوندىكى تىللارنىڭ لېكسىكىسىغا ئۆزلىشىپ بولغان، كىشىلەر تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر نۇقتىدىن بولسا، «چىن»دىن كەلتۈرۈلگەن پۇلغا غەربىي رايوندىكى قوۋملار ئۆز تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە قويغان ئىسىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ پۇلنىڭ چىندىن كەلتۈرۈلگەن پۇل ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىزاھاتتىن شۇ دەۋردىكى سوڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي رايون ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ئالاقىسى ئايان بولىدۇ ھەم يۇقىرىقى ئاتالغۇلارنىڭ مەنبەسى يەنىلا چىنچە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

### 2) يىپەككە ئائىت ئۇچۇرلار

جۇڭگونىڭ يىپەكلىرىنىڭ داڭقى بۇرۇندىنلا غەربكە تارالغان. غەربىي رايوندىكى خەلقلەرمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بىلەن يىپەك سودىسى قىلىپ روناق تاپقان. شۇ سەۋەبتىن، جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى تارىختىن بېرى غەربىي رايوندىكى خەلقلەرگە پىششىق تونۇش بولغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا جۇڭگونىڭ يىپەكلىرىنىڭ ۋە يىپەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شۇنداقلا نامى ھەرخىل بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ناملار ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلگەن ۋە دەرىجىگە ئايرىلغان. «دىۋان»دىمۇ جۇڭگونىڭ يىپەك رەختلىرى ھەققىدە بىر قاتار مەلۇماتلار بار. بۇ مەلۇماتلار ئالاھىدە چىنچە دەپ ئەسكەرتىلگەن. دېمەك غەربىي رايوندا نام قازانغان چىننىڭ يىپەكلىرى غەربىي رايوندىكى خەلققە تولىمۇ تونۇشلۇق بولۇپ، ھەتتا بۇ يىپەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ نامى يەرلىك تىلغا سىڭىشىپ كېتىش باسقۇچىغا بېرىپ قالغان. بۇ ناملار ئۇزۇن دەۋردىكى ئىقتىسادىي بېرىش - كېلىشنىڭ نەتىجىسى. «دىۋان»دا بۇ ناملارنىڭ يەرلىك تىلغا سىڭىشكەندىن كېيىنكى ئاتىلىشى بېرىلگەن بولۇپ، «əxkürti. ئەشكۈرتى. چىندا ئىشلەنگەن گۈللۈك يىپەك رەخت »[21]، «qit. چىت. ئالا - چىپار گۈللۈك چىن رەختى»[22]، «kənzi. كەنزى. قىزىل، سېرىق، يېشىل ۋە شۇنىڭدەك رەڭلەردىكى بىر خىل چىن يىپىكى» [23]، «k̡aqaq. قاچاچ. بىر خىل چىن دۇردۇنى. بۇنىڭ توغرا يېزىلىشى ‹قىچاچ› دۇر. دېدەكلەرگىمۇ شۇنداق دەپ ئات قويۇلىدۇ»[24]، «xalaxu . شالاشۇ . چىن رەختلىرىنىڭ بىر خىلى» [25]، «təhqək. تەخچەك. بىر خىل چىن يىپىكى»[26]، «qüz . چۇز . زەرباپ چىندا ئىشلەنگەن قىزىل رەڭلىك زەر بېسىلغان يىپەك رەخت»[27]، «kəz . كەز . چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت»[28]، «huliŋ. خۇلىڭ. چىندىن كەلتۈرۈلگەن رەڭدار يىپەك رەخت» [29]، «zünküm. زۇنكۇم. چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت»[30]، «qiïnahsï. چىناخسى. چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل گۈللۈك يىپەك رەخت»[31]، «lohtay. لوختاي . چىننىڭ سېرىق تەگگە گۈللۈك قىزىل يىپەك رەختى»[32] قاتارلىق چىندىن كەلتۈرۈلگەن يىپەك ۋە دۇردۇنلار «دىۋان»دا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بىز بۇ ناملاردىن يەنىلا خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ پۇرىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ سۆز ئاخىرىغا بېرىلگەن چىنچە دېگەن ئىزاھاتمۇ بۇ سۆزلەرنىڭ خەنزۇچە بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى كۈچەيتىدۇ.

## 5. چىنغا مۇناسىۋەتلىك جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇ ۋە چاقىرىشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلۈكلەر ۋە شەھەرلەر

«دىۋان»دا يەنە بىر قىسىم شەھەرلەر تىلغا ئېلىنغان، بۇ شەھەرلەر ئارىسىدا يەنە ئىچكى جايلاردىكى شەھەرلەرمۇ بار بولۇپ، تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي رايون ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىدە بۇ شەھەرلەر مۇھىم رول ئوينىغان. ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»دېگەن ئەسىرىدىكى قاراخانىيلار بىلەن سوڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودىغا ئالاقىدار بايانلارغا قارىغاندا، قاراخانىيلارغا سوڭ سۇلالىسىنىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرى ناھايىتى تونۇش بولۇپ، «دىۋان»دەك بىر تىلشۇناسلىق ئەسىرىدىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شەھەرلەرنىڭ ئىسمى خەنزۇ تىلىدىكى ئاتىلىشى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، «sïn. سىن . گور . قاتۇن سىنى، چىن بىلەن تاڭغۇت ئوتتۇرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى»[33]، « xənqü شەنچۇ. يۇقىرى چىن يولىدىكى بىر شەھەر. بۇ سۆزنى «x» ھەرپىنى سوزۇپ «xənqü» دەپ ئوقۇسا تېخىمۇ توغرا بولىدۇ»[34]. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان چىن شەھەرلىرىنىڭ بۈگۈنكى قايسى شەھەرلىكى، شۇنداقلا بۈگۈنكى

خەنزۇچە يېزىلىشى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتىمىز يوق، بۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق نامايان بولغۇسى.

«دىۋان»دا يەنە باشقا بىرقىسىم خەلقلەرنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى چىن يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرگە، جۈملىدىن جۇڭگودىكى خانلارنىڭ مۇراسىم ئادەتلىرىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ بايانلار چىن نامىدا مەشھۇر بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلارنىڭ مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ، غەربىي رايوندىكى خەلقلەرنىڭ مۇراسىم ئادەتلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشى ۋە پەرقىنى بىلىشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. «دىۋان»دا بۇ توغرىدا «xi. شى. خوش. چىن خاقانلىرى كۆرۈشكەندە قوللىنىدىغان سۆز. بۇ ئەرەپچىدىكى خوش تەقسىر، خوش دېگەنگە ئوخشاش»[35]، دېگەن بايان ئارقىلىق بۇنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. «شى» لەببەي مەنىسىدە بولۇپ، چىن خاقانلىرىغا نىسبەتەن ئايرىلغان بۇ ئاتالغۇنىڭ شۇ دەۋردە ئىچكى جايلارغا سودا ئىشلىرى بىلەن بارىدىغان، خاقان ۋە بەگلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن سودىگەرلەر تەرىپىدىن غەربىي رايونغا ئېلىپ كېلىنىپ تارقالغانلىقى، شۇنداقلا بۇ سۆزنىڭ «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنىشىدىن ئىچكى جايلار بىلەن بولىدىغان سودا ئالاقىنىڭ تولىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇنداقلا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەرەبچە مەنىسىنى بېرىشىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرگە سودا قىلىشقا بارىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىدىن سىرت، غەربىي ئاسىيادىكى ئەرەب پارسلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس كىرگۈزگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. گەرچە بۇ ئاتالغۇنىڭ قەدىمكى يېزىلىشى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئېرىشەلمىسەكمۇ، چىنچە دەپ ئىزاھلىنىشى، كېلىپ چىقىش جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ تىلى ئىكەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئاتىلىشى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلاردا بارا ـ بارا ئايان بولغۇسى.

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان چىنچە ئاتالغۇلار ئەمەلىيەتتە قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ مەدەنىيەت، سودا ۋە باشقا ئالاقىلەرنىڭ تەسىرىدە قەدىمكى ئابا ئولۇسلىرىنىڭ تىلىغا سىڭىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت. يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان شىنجاڭ ھەرخىل تىللار ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىچە بولغان رايون مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنداقلا تىل جەھەتتىكى ئاتالغۇلارنى بېيىتقان. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان «چىنچە» ئاتالغۇلار شۇ دەۋرلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە غەربىي رايون بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىش بىلەن ھەر ۋاقىت بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىپ تۇرىدۇ.

## ئىزاھلار:

[1] بارتولىد: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە [M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010: 35. (ئاپتور بۇ نەقىلنى مالوۋنىڭ «موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 30 ـ 44 ـ بەتلىرىدىن نەقىل ئالغان).
[2] مەھمۇد كاشغەرىي :«تۈركىي تىللار دىۋانى»[M].شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 ـ توم): 40.
[3] مەھمۇد كاشغەرىي :«تۈركىي تىللار دىۋانى»[M].شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (1 ـ توم): 592.
[4] ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990: 79 ـ 80.
[5] مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M].شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1984(3 ـ توم): 330.

[6] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 568.

[7] ھاجى نۇر ھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001: 39.

[8] ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»[M]. نەشرىياتى، 221 - بەت.

[9] ئاپتور بۇ نەقىلنى (杨圣敏：回纥史 108 - 109 页，吉林教育出版社 1991 年出版) دىن ئالغان.

[10] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1980(1 - توم): 41.

[11] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1980(1 - توم): 39.

[12] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1984(3 - توم): 326.

[13] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1984(3 - توم): 300.

[14] ئا. سۇھەيىل ئۇنۋەر. «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت». شىنجاڭ پەن تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997: 36.

[15] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984(3 - توم): 578.

[16] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984(3 - توم): 506.

[17] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 424.

[18] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984(3 - توم): 214.

[19] ئەركىن ئارىز: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹چاي› بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئىستېمال مەنىسى ۋە ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە»[J]. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 2015(4): 31.

[20] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 468.

[21] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 197.

[22] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984(3 - توم): 166.

[23] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 551.

[24] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983(2 - توم): 414.

[25] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 581.

[26] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 622.

[27] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 426.

[28] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 427.

[29] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984(3 - توم): 507.

[30] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 631.

[31] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 636.

[32] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984(3 - توم): 330.

[33] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984(3 - توم): 190.

[34] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980(1 - توم): 544.

[35] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984(3 - توم): 292.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

第 39 卷第 1 期
2018 年 3 月

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

39 - يىللىق 1 - سان
2018 - يىلى 3 - ئاي

ماقالە نومۇرى: 10 - 076 - 01(2018) 5878 - 1005

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ زور ئەھمىيىتى توغرىسىدا*

نەجمىدىن يۇسۇپ

(قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى ، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە خۇلاسىسى؛ ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى؛ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان جۇڭگو ئەقىل - پاراستى ۋە جۇڭگو لاھىيەسىدۇر. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىچكى مەنىسى ۋە روھى ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەش، شۇ ئارقىلىق بۇ ئىدىيەنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شى جىنپىڭ؛ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى؛ ئىچكى مەنىسى؛ زور ئەھمىيىتى

## 论习近平新时代中国特色社会主义思想的重大意义

乃吉米丁 · 玉素甫

**摘要：** 习近平新时代中国特色社会主义思想是改革开放以来，特别是党的十八大以来中国特色社会主义实践经验的概括和总结；是马克思主义中国化的最新成果；是中华民族伟大复兴的行动指南；是人类文明进步的中国智慧和中国方案。分析和研究习近平新时代中国特色社会主义思想的重大意义，对深刻把握习近平新时代中国特色社会主义思想的基本内涵和精神实质，进而在实践中准确贯彻落实这一思想具有十分重要意义。

**关键词：** 习近平；新时代中国特色社会主义思想；基本内涵；重大意义

**Abstract:** The Xi Jinping's socialist ideology with Chinese characteristics in the new era is a summary and conclusion of the practical experience of socialism with Chinese characteristics since the reform and opening policy, especially since the 18th National Congress of the CPC. It is the latest achievements in the sinicization of Marxism and the action guide to achieve the Chinese nation's bright prospect on the road to revival. It is also the Chinese wisdom and Chinese proposal for the advancement of human civilization. Analyzing and studying the great significance of Xi Jinping's socialist ideology with Chinese characteristics in the new era is of great importance to profoundly grasping the basic connotation and spiritual essence of Xi Jinping's socialist ideology with Chinese characteristics in the new era, and then implementing it in practice.

**Keywords:** Xi Jinping; socialism with Chinese characteristics in the new era;' basic connotation; great significance

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** D61　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭ　　ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ
يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى　　كونكرېت ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن

*بۇ ماقالە 2018 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: نەجمىدىن يۇسۇپ( 1972 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بەرپا قىلىشنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، ماركسىزمغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى بەرپا قىلدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان جۇڭگو ئەقىل - پاراستى ۋە جۇڭگو لايىھەسى بولۇپ، زور نەزەرىيەۋى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىلىنىشى ۋە نەزەرىيەۋى يىغىنچاقلىنىشى

دەۋر ئىدىيەنىڭ ئانىسى، ئەمەلىيەت نەزەرىيەنىڭ مەنبەسى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىگە بولغان خۇلاسىلەش ۋە نەزەرىيەۋى يىغىنچاقلاش بولۇپ، ھازىرقى دەۋرنىڭ ئىدىيە جەۋھىرىدۇر. 18 - قۇرۇلتايدىن بۇيان، شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئەمەلىيەت تەلىپى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ماسلىشىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلىشنى ئويلىغان، لېكىن ھەل قىلىنمىغان نۇرغۇن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى، قىلىشنى ئويلىغان، لېكىن قىلالمىغان چوڭ ئىشلارنى قىلدى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى دەل مۇشۇ جەرياندا شەكىللەنگەن تەجرىبە ۋە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىنىڭ نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىدۇر.

بىرىنچىدىن، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ماس قەدەمدە ئىلگىرى سۈردى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىك، ماسلاشماسلىق، سىجىل بولماسلىق، شەھەر - يېزا تەرەققىياتىدىكى پەرق ۋە ئاھالىلەرنىڭ كىرىم پەرقى بىر قەدەر چوڭ بولۇش، قانۇن تۇرۇپ تايانماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا مۇرەككەپ، كەسكىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئېغىر ۋەزىپىنى دادىللىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، زىددىيەتلەرگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ: «جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش پەقەت داۋاملىشىدۇكى، ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ»، دەپ كۆرسەتتى[1]. 2020 - يىلىغا بارغاندا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ بىر پارتىيەنىڭ خەلققە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن،

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنىڭ ئىسلاھاتىدا بۆسۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇردى؛ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئەڭ تۈپ كاپالىتى، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىققا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، پارتىيەنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ھوقۇقنى تۈزۈمنىڭ قەپىسىگە سولىدى، پەقەت تاقەت قىلماسلىق پوزىتسىيەسى بىلەن چىرىكلىكنى جازالىدى، پارتىيەنىڭ باشتىن ـ ئاخىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى .

ئىككىنچىدىن، «بەش بىر گەۋدە قىلىنغان» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى بولسا ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە. 18 ـ قۇرۇلتايدىن بۇيان، شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ماسلاشقان ھالدا ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى نورمال ھالىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتەكلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بازار بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، تەمىنلەش قۇرۇلما ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى تېزلەتتى؛ سىياسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان سىياسىي تۈزۈمنى ساغلاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىش ۋە مەمۇرىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى؛ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئىدېئولوگىيە خىزمىتىدىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى ۋە پىكىر قىلىش ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلەپ، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈردى؛ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە ، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا

يۈلەشنى ئۇنۇملۇك ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە جەمئىيەتنى تۈزەشتە يېڭىلىق يارىتىپ، ئومۇمىي خەلق ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان جەمئىيەتنى تۈزەش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەر ۋە پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەڭ قاتتىق بولغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ۋە ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، باي ـ قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

ئۈچىنچىدىن، جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىنى ئىلگىرى سۈردى. 18 ـ قۇرۇلتايدىن بۇيان شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشتىن ـ ئاخىرى مۇستەقىل ئۆزگە ـ ئۆزى خوجا بولىدىغان تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆز تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەمكارلىق ئاساسىدا ئورتاق نەپكە ئېرىشىشنى يادرو قىلغان يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن شارائىت ياراتتى. يەر شارىنى تۈزەش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەھۋالنى كۆزىتىپ، «تىرىشىپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسقا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىككى ئومۇملۇقنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، يەر شارىنى تۈزەش تۈزۈلمىسىنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت ياراتتى»[2]، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئاساسىدا ئورتاق نەپكە ئېرىشىدىغان ئىشقا ئايلاندى .

يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى دەۋر يېڭى نەزەرىيەگە موھتاج ، شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋر شارائىتى ۋە ئەمەلىيەت تەلىپىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، پۈتۈنلەي يېڭى نەزەر بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قانۇنىيىتى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت ئىككى تەرەپتىن يېڭى دەۋردە قانداق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا قانداق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟ دېگەن بۇ بىر زور دەۋر تېمىسىغا سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى بەرپا قىلدى.

## 2. ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزمنى

جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەم ماركسىزمنىڭ ئاساسىي مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىدا چىڭ تۇردى ھەم يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىدە يېڭىلىق ياراتتى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى، ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بىلەن ھەم تومۇرداش ھەم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان نەزەرىيە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمىدۇر.

بىرىنچىدىن، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ نەزەرىيەۋى مەنبەسى. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇزۇن مەزگىل چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئالدى بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغانلىق. شى جىنپىڭ: «ماركسىزمدىن چەتنىگەندە ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەندە، پارتىيەمىز روھنى يوقىتىپ قويىدۇ، نىشاندىن ئادىشىپ قالىدۇ، ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر ئاساسىي مەسىلىدە، بىز چوقۇم ھەر قانداق ۋاقىت، ھەر قانداق ئەھۋالدا قىلچىمۇ تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك»، دەپ كۆرسەتتى[3]. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئۈستىگە ئالغان ئاساسىي پرىنسىپ بولسا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىدۇر.

ئىككىنچىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا يېڭىلىق ياراتتى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەت تەرەققىياتى، دەۋر تەلىپى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىغا لايىقلىشىپ، «يېڭى دەۋردە قانداق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا قانداق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بەردى، بۇ يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ باش نىشانى، باش ۋەزىپىسى، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى، تەرەققىيات شەكلى، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىستراتېگىيەلىك قەدەم باسقۇچى، تاشقى شارائىتى، سىياسىي كاپالىتى قاتارلىق ئاساسىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يېڭى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، ئىقتىساد، سىياسىي، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، خەلق تۇرمۇشى، مىللەت، دىن، جەمئىيەت، ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت، دۆلەت بىخەتەرلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە، «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم» ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى، بىرلىك سەپ، دىپلوماتىيە، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەرگە قارىتا

نەزەرىيەۋى تەھلىل ۋە سىياسەت جەھەتتىن يېتەكلەش بىلەن تەمىنلىدى»[4]. شۇ ئارقىلىق ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگولاشقان ماركسىزمنىڭ نەزەرىيەۋى مەنزىلىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جۇڭگولاشقان ماركسىزمنىڭ نەزەرىيەۋى دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىدە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئۈچىنچىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ پۈتۈن ئەمەلىيىتىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە يىغىنچاقلىنىشى، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرىشىنىڭ نەزەرىيەۋى مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، بۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى نەچچە ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ توختاۋسىز ئىزدەنگەنلىكى ۋە نەزەرىيەدە يېڭىلىق ياراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى يېڭى مەسىلىلەرگە دىققەت - ئېتىبارىنى ئاغدۇرۇپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈردى. يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىغا يېڭى مەزمۇن قوشتى.

## 3. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى

نەزەرىيەنىڭ مەنبەسى ئەمەلىيەت بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، خەلقنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىلىنىشى ۋە پۈتۈن پارتىيەنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ھەم ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسىدۇر.

بىرىنچىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى ئىدىيەۋى قورال بىلەن تەمىنلىدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ باش ۋەزىپىسى، ئاساسىي زىددىيىتى، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى، «تۆت ئومۇميۈزلۈك»نىڭ باش نىشانى، يېڭى دەۋردە ئارمىيەنى كۈچەيتىشنىڭ نىشانى، جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئايدىڭلاشتۇردى. بۇ «سەككىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش»نىڭ لوگىكىسى قاتتىق، مەنىسى مول بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى

دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مۇشۇ ئاساستا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرۇش، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش قاتارلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 14 تۈرلۈك ئاساسىي ئىستراتېگىيەسىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەت قاتلىمىدىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نىشانى، يولى، ئىستراتېگىيەسى، قەدەم باسقۇچىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بەردى. «سەككىزدە ئېنىق بولۇش» ۋە «14 تە چىڭ تۇرۇش» ئۆزئارا بىر - بىرىگە تايىنىپ ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، نەزەرىيە جەھەتتە يىغىنچاقلاش ۋە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئورتاق تەشكىل قىلىپ، يېڭى دەۋر ۋە يېڭى ئەمەلىيەتنىڭ نەزەرىيە تەرەققىياتىغا بولغان يېڭى تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى نەزەرىيەۋى قورال بىلەن تەمىنلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نەزەرىيەۋى كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

ئىككىنچىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىنىڭ ئىدىيە ئاساسى. ماركس: «نەزەرىيە پەقەت كىشىلەرنى قايىل قىلالىغاندىلا، ئاندىن ئاممىنى ئىگىلىيەلەيدۇ؛ نەزەرىيە پەقەت ئۈزۈل - كېسىل بولغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنى قايىل قىلالايدۇ.»[5] دەپ كۆرسەتكەن. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى 18 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئۈنۈملۈك يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئىلمىي نەزەرىيە بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى ئىچكى مەنىسى، روھىي ماھىيىتى ۋە ئەمەلىيەت تەلىپى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشىنىشى، تونۇشى ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تونۇشى ۋە قوبۇل قىلىشى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى تىكلەشنىڭ ئاممىۋى ئاساسى بولۇپ، بۇ جۇڭخۇا مىللىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئىدىيەۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

ئۈچىنچىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسىلىق رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىدىكى ئاچقۇچ دەل ئۇنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىدۇر. نۆۋەتتە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، ئۇنى ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇشلارنى بەرپا قىلىش، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇلۇغ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، زور خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، زور توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، پارتىيەنىڭ

ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ئامىللار ۋە پارتىيەنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بارلىق ۋىرۇسلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك كۈچى، ئىدىيەۋى يېتەكلەش كۈچى، ئاممىنى تەشكىللەش كۈچى، ئىجتىمائىي چاقىرىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيەمىزنىڭ ھاياتى كۈچى ۋە كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقىنى مەڭگۈ ساقلاش لازىم؛ يولدا ئۆزگە ئىشىنىش، نەزەرىيەدە ئۆزگە ئىشىنىش، تۈزۈمدە ئۆزگە ئىشىنىش ۋە مەدەنىيەتتە ئۆزگە ئىشىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ھەم بېكىنمىچىلىك قىلماسلىق، قاتماللىشىپ قالماسلىق، ھەم بايراقنى ئۆزگەرتمەسلىك، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاش، ئەمەلىي ئىشلەپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇ ئۆزئارا زىچ باغلىنىدۇ، ئۆزئارا ئۆتۈشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ قۇرۇلۇش بولۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى چوقۇم ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ باش تەلەپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «پارتىيەنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان تارىخىي مۇساپىسىدە باشتىن - ئاخىرى دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر ۋە سىناقلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە باشتىن - ئاخىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تايانچى بولۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە باشتىن - ئاخىرى كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك»[6].

## 4. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدىكى جۇڭگو ئەقىل - پاراستى ۋە جۇڭگو لايىھەسى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، دېموكراتىك سىياسىي، ئىلغار مەدەنىيەت، ئىناق جەمئىيەت، گۈزەل جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. دۆلەتنىڭ قىياپىتى، خەلقنىڭ قىياپىتى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىياپىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، باي بولۇشتىن كۈچلۈك بولۇشقا قاراپ ماڭىدىغان ئۇلۇغ سەكرەشنى كۆتۈۋالدى، شۇ ئارقىلىق دۇنيادىكى كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە غەربكە ئوخشىمايدىغان زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ چوڭقۇر تارىخى ئاساسى ۋە كەڭ يەر شارى نەزىرى بىلەن ئىنسانىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل - پاراستى بىلەن تەمىنلىدى، يەر شارىنى تۈزەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو لايىھەسى بىلەن تەمىنلىدى.

بىرىنچىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ مېڭىش يولىنى كېڭەيتتى. دۇنيا تارىخىي تەرەققىياتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر زامانىۋىلىشىشقا قاراپ مېڭىش جەريانىدا ياكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىكىدىكى سوتسىيالىستىك تەرەققىيات يولىنى تاللىغان ياكى بولمىسا غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ۋەكىللىكىدىكى غەربنىڭ كاپىتالىستىك تەرەققىيات يولىنى تاللىغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر

زامانىۋىلىشىشقا قاراپ مېڭىش جەريانىدا، تۈزۈلمە مېخانىزمىنىڭ قاتماللىقى ۋە بيۇروكراتلىقنىڭ يامراپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەڭ ئاخىرى زامانىۋىلىشىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى؛ غەربنىڭ ئەندىزىسىنى دورىغان ياكى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كەلگەن كۆپ قىسىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ دۆلەتنىڭ باي - قۇدرەتلىك بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، ئەكسىچە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىش قاتارلىق ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى تارىخىي شارائىتتا داۋاملىق ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى ئاساسىدا پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق باشقۇرۇشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگودەك مۇشۇنداق بىر ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا ئۈزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتەكلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تەرەققىيات يولى ھەم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان ھەم غەربچە يولغا تايىنىۋېلىشنى بۇزۇپ تاشلىغان، ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى، تارىخىي ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولى بولۇپ، دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىنى تاللىشى ئۈچۈن مۇھىم ئۈرنەك بىلەن تەمىنلىدى.

ئىككىنچىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان قىممىتى ۋە مەڭگۈلۈك سېھرى كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئىنسانىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل - پاراسىتىنى تەقدىم قىلدى. 21 - ئەسىردىكى ئىنسانىيەت تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر پەقەت سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىك قاتارلىق ئەنئەنىۋى ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە تور، تاشقى ئالەم، چوڭقۇر دېڭىز قاتارلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن ساھەلەرگىمۇ چېتىلىدۇ. كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان يەر شارى ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى پەقەت غەربنىڭ لوگىكىسى ۋە تەپەككۇرىغا تايىنىپلا ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنە ۋە چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، يېڭى دەۋر دىپلوماتىيەسى ۋە خەلقئارا ئىستراتېگىيەدە جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان قىممىتى ۋە مەڭگۈلۈك سېھرى كۈچىنى نامايەن قىلىپ، ئىنسانىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل - پاراسىتىنى تەقدىم قىلدى. جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تەشەببۇس قىلغان ھەققانىيەتنى ياقلاش ۋە ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىدىيەسى، دۆلەتلەر ئالاقىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق نەپكە ئېرىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىنى پەسەيتىش ۋە تۈگىتىش، ئادىل، مۇۋاپىق، ئىناق خەلقئارا تەرتىپ ۋە يەرشارىنى تۈزەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى پىكىر يولى بىلەن تەمىنلىدى. تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق تەشەببۇسلار

جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە تۇرىدىغان نۇقتىئىنەزەرىنى ئەكس ئەتتۈردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ تەشەببۇسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا «پاكىز سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى زور بايلىق»[7]، دەپ كۆرسىتىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن ئۆرنەك بىلەن تەمىنلىدى.

ئۈچىنچىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يەر شارىنى تۈزەش ئۈچۈن جۇڭگو لايىھەسى بىلەن تەمىنلىدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى پەقەت جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە يەر شارىنى تۈزەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو لايىھەسى بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ئىنسانلار تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىدۇر. ئىنسانلار تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى تەرەققىياتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى قىممەت تىرىكى قىلىپ، ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىدىغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئادىل، ھەققانىي بولغان، ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان بىخەتەرلىك ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئېچىۋېتىشتە يېڭىلىق يارىتىش، كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان تەرەققىيات مەنزىلى ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەبىئەتنى ھۆرمەتلەيدىغان، يېشىل تەرەققىي قىلىدىغان ئېكولوگىيەلىك سىستېما بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت تەرەققىياتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرىپ، ئادىل، ھەققانىي خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن تەمىنلىدى. «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى جۇڭگونىڭ ھەر قايسى دۆلەتنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پىلان بولۇپ، ئۇ سىياسەت ئالاقىسىنى مۇھىم كاپالەت، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئالدىن ئويلىشىدىغان ساھە، مەبلەغ سېلىش سودا ھەمكارلىقىنى مۇھىم مەزمۇن، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى مۇھىم تېرەك، ئەل رايىنى ئىجتىمائىي ئاساس قىلىپ، ئېچىۋېتىلگەن، سىغدۇرۇشچان، تەكشى، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان رايون ھەمكارلىقى رامكىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى جۇڭگونىڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادى بىلەن تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئورتاق سۇپا بەرپا قىلىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت ۋە پايدىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

## ئىزاھلار:

[1] 中共中央宣传部. 习近平总书记系列重要讲话读本[M]. 北京：学习出版社, 2016：68.
[2] 中共中央宣传部. 习近平总书记系列重要讲话读本[M]. 北京：学习出版社, 2016：274.
[3] 习近平. 决胜全面建成小康社会, 夺取新时代中国特色社会主义伟大胜利[N]. 北京:人民日报, 2017－10－28.
[4] 习近平. 决胜全面建成小康社会, 夺取新时代中国特色社会主义伟大胜利[N]. 北京:人民日报, 2017－10－28.
[5] 马克思恩格斯选集：第1卷[G]. 北京：人民出版社, 2012:9.
[6] 习近平. 决胜全面建成小康社会，夺取新时代中国特色社会主义伟大胜利[N]. 北京:人民日报, 2017－10－28.
[7] 习近平. 共同构建人类命运共同体——在联合国日内瓦总部的演讲[N]. 北京：人民日报, 2017－1－20.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 05 - 086 - 01(2018) 5878 - 1005

# جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە*

ئىمىنجان قېيۇم

(ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى پەلسەپە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830002)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** نامراتلىقنى تۈگىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ مۇھىم بۇرچى. شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىنىڭ زور كۆپچىلىكى جەنۇبىي شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن. شۇڭا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە بىز پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر بويىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىنى يېتەكلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، نامرات ئائىلىلەرنى نىشانلاپ، مەبلەغ سېلىشنى زورايتىپ، ھۆكۈمەت، بازار، جەمئىيەتنىڭ ھەمكارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** جەنۇبىي شىنجاڭ؛ نامراتلىقنى تۈگىتىش؛ مۇلاھىزە

## 关于南疆地区脱贫工作的几点思考

依明江・克衣木

**摘要:** 消除贫困、改善民生、全面建成小康社会，是社会主义的本质要求，是我们党的重要使命。在新疆绝大部分贫困户集中在南疆地区。因此，为南疆地区脱贫工作，我们根据党的十九大提出的要求，在引导南疆地区的贫困户脱贫中，要加强在南疆地区脱贫工作迫切感和责任感，扎实工作，针对贫困户，增加投资力度，发挥好政府、市场、社会的合作作用，努力取得成效。

**关键词:** 南疆; 脱贫; 思考

**Abstract:** Poverty alleviation', improving people's livelihood and building moderately prosperous society are the essential requirements of socialism as well as an important mission of our party. The clear majority of poor households in Xinjiang are living in southern Xinjiang. Therefore, for poverty alleviation in the southern Xinjiang region, we need to guide poor households in the southern Xinjiang region in accordance with the requirements set by the party's Nineteenth Congress to strengthen the sense of urgency and responsibility in poverty-stricken areas in southern Xinjiang, and work hard to increase investment for poor households. We must give full play to the cooperative role of the government, the market, and the society, and strive to achieve good results.

**Keywords:** southern Xinjiang; poverty alleviation; thoughts

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** F323 **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ھەممىدە خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەش، خەلقنى بىردىن - بىر مەقسەتلىرىنىڭ بىرى. مۇشۇ مەقسەتنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش پارتىيەمىزنىڭ كۆزدە تۇتۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 -

*بۇ ماقالە 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئىمىنجان قېيۇم (1969 - يىلى 6 - ئايدا تۇغۇلغان)، ماركسىزم نەزەرىيەسى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قۇرۇلتىيىدا: «نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك»لىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى نامرات ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە، شەھەردىن 32 سى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناھىيەدىن ئۈچى بار، شۇڭا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىغا يېتىشتە سىياسەت، مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردە قوللاش سالمىقىنى زورايتتى. ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى نامراتلىقنى تۈگىتىش، نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە قەدەم قويىدى. شىنجاڭدىكى نامرات ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى جەنۇبىي شىنجاڭغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئاھالىلىرىدىكى نامراتلىق تۈگىتىلمىسە، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمۇ نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشانى، ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «كىمنى يۆلەش»، «كىم يۆلەش»، «قانداق يۆلەش»تىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇردى، تەدبىرلەر ئىنچىكىلەشتۈرۈلۈپ، نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلىشنىڭ كۈچلۈك سىگنالى چېلىندى، دادىل ئىشلەپ، نەتىجە يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش ئىرادىسى نامايان قىلىندى. نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاچقۇچى، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، بۇ قېتىم ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر بويىچە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئاساسىي تەلەپلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## 1. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى تارىخىي بۇرۇلۇش

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، جۇغراپىيەلىك شارائىتى ناچار، ئەمما پارتىيە ۋە دۆلەت ئومۇمىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. 1986 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش باسقۇچى بولدى، 2001 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە ھاللىق جەمئىيەتكە شارائىت ھازىرلاش باسقۇچى بولدى، 2011 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش باسقۇچى بولۇپ، نامراتلىقنى تۈگىتىش سالمىقى زورايتىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىنىش بىلەن بىرگە، نامراتلىقنى يىلتىزىدىن تۈگىتىش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، بۇ جەرياندا بارلىق يېزا ئاھالىسىنى، بولۇپمۇ نامرات ئاھالىلەرنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش ئاساس قىلىندى. كۆپ يىللىق ئىزدىنىش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ رايون ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، نامراتلىقنى تۈگىتىشكە يېتەكچىلىك

قىلىپ، نامراتلارنى كەڭ دائىرىدە يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئەندىزىنى يېڭىلاپ تۈرلەر بويىچە يۆلەش، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىدىيەنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇلار ئىلگىرىكى يۆلەش - ئېچىش خىزمەتلىرىنىڭ يەكۈنى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يۆلەش - ئېچىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى قىممەتلىك تەجرىبە ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئاھالىلەر «12 - بەش يىل»لىق پىلان مەزگىلىدە تېز كېمىيىپ، نامرات رايونلارنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ھالبۇكى، ھازىرقى «13 - بەش يىل»لىق پىلان مەزگىلىدە، يۆلەش خىزمىتى تېخىمۇ كەسكىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئاھالە 2 مىليون 190 مىڭ بولۇپ، شىنجاڭدىكى نامرات ئاھالىنىڭ 83% نى ئىگىلەيدۇ، بۇ نامراتلارنىڭ تارقالغان رايونى كەڭ بولۇش، رايون خاراكتېرلىك نامراتلىق ئېغىر بولۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن؛ نامراتلىقنى تۈرلۈك كېسەللىك، مېيىپلىك، ئوقۇش خىراجىتى، تەبىئىي ئاپەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن سىرت، يەر - تۇپراق ناچار بولۇش، سۇ، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ كەمچىل بولۇش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۈچى يېتەرسىز بولۇش، قاتناش قولايسىز بولۇشمۇ نامراتلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە مۇرەككەپلىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەننەرخى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسى ئېغىر بولماقتا. شىنجاڭنىڭ نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى تارىخىي سىناققا دۇچ كەلدى، ۋەزىپە ئېغىر بولسىمۇ ھەرگىز بىخەستەلىك قىلىشقا، بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

## 2. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

**1) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەشنى يۆلەش - ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئىستراتېگىيەسى قىلىش كېرەك**

بىرىنچى، توغرا پەرقلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۆلەش ئوبيېكتىنى توغرا تاللاش كېرەك. يۆلەش ئوبيېكتىنى توغرا تاللاش مېخانىزمى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى نىشانلىق يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، نامراتلىق ئۆلچىمىنى توغرا بېكىتكەندىلا، ئاندىن ئۇنى دەل جايىغا تەگكۈزگىلى، تۈرلەر بويىچە سىياسەت بەلگىلەپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، «كىمنى يۆلەش» مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلغىلى بولىدۇ. «ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىش» سانلىق مەلۇماتىنىڭ راستلىقى، يۆلەش مەبلىغىنىڭ نامرات ئاھالىلەرنىڭ قولىغا تەگكەن - تەگمىگەنلىكى، نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشكەن - ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىگە بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. ئەمەلىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئائىلىلەردە كارتا بولۇش، كەنتتە دەپتەر بولۇش، يېزىدا ئىسپات بولۇش، ناھىيەدە توردا ساقلانغان بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك .

ئىككىنچى، يۆلەش تۈرىنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى ناھىيەلەرگە چۈشۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىرادىسى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئېھتىياجىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى چۆرىدەپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، توسالغۇلارنى ئېچىپ،

شۇ جايىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىنى ئاساس قىلىپ يۆلەش تۈرىنى بېكىتىپ، تۈرلەرنىڭ توغرا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك .

ئۈچىنچى، مالىيەدىن ئاجرىتىلغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئادىل تەقسىملەپ، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسىنى تولۇق تاماملاپ، نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە زور ئۈنۈم قازىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك .

تۆتىنچى، نامراتلارنى پەرقلەندۈرۈش مېخانىزمى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى توغرا بىرلەشتۈرۈپ، يەر، كەنت بايلىقى بىلەن ئائىلە، ئادەمنى توغرا بىرلەشتۈرۈپ، چەكلىك بولغان يۆلەش مەبلىغىنى ئۈنۈملۈك تەقسىملەپ،نامراتلىق سەۋەبلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۈرلەر بويىچە سىياسەت بەلگىلەپ، تەدبىرلەرنى ئائىلىلەرگىچە توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك .

بەشىنچى، مۇنەۋۋەر زاپاس كادىرلارنى نامرات ناھىيە، يېزا، كەنتلەرگە ۋەزىپە بىلەن چۈشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تايىنىپ، كۆپىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات كەنتلەرنىڭ تەرەققىيات يولىنى توغرا تاللىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

ئالتىنچى، «قانداق قۇتۇلدۇرۇش» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلارنى تۇراقلاشتۇرۇپ، قايتا نامراتلاشماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**2) نامرات ئاھالىلەرنى نىشانلاپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق سېلىنغان مەبلەغنى بىرلەشتۈرۈش مېخانىزمى بەرپا قىلىش كېرەك**

بىرىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلارنى مالىيە جەھەتتە يۆلەش سېلىنمىسىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، نامراتلىقنى تۈگىتىش ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭغا مالىيە جەھەتتە ياردەم بېرىۋاتقان تارماقلار سالغان يۆلەش مەبلەغلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەبلەغنىڭ چېچىلىپ كېتىپ ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ھەممە ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات رايونلار، نامرات تاغلىق رايونلارنى نۇقتا قىلىپ، سۇ چىلىق، قاتناش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، مائارىپ، سەھىيە، تۇرالغۇ كاپالىتى قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، ئىلگىرىكى ھەر قايسى تارماقلار ئۆز ئالدىغا پىلان تۈزۈش، ئۆز ئالدىغا يولغا قويۇش چارىلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە تەرتىپكە سېلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، مالىيە جەھەتتىكى يۆلەش مەبلىغى بىلەن پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى يۆلەش مەبلىغىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىلگىرىكىدەك ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

**3) ھۆكۈمەت، بازار، جەمئىيەتنىڭ ھەمكارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆت بىر گەۋدىلەشكەن نامراتلىقنى تۈگىتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك**

جەنۇبىي شىنجاڭ دۆلەتنىڭ نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست، چەت - چېگرا بويىدىكى نامرات رايونلار، تاغلىق رايونلارنى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىپ، رايون ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، پەرقلىق يۆلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش،

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تۇرتكىلىك كۈچ قىلىپ، يۆلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى ئاساسىي يول قىلىش، ئومۇميۈزلۈك نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى بىلەن ئالاھىدە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى يۇرۇشلەشتۇرۇپ، يۆلەش - ئىپچىش بىلەن ئىجتىمائىي كاپالەتنى جىپسىلاشتۇرۇش، «ھۆكۈمەت يېتەكلەش، ئامما قاتنىشىش، جەمئىيەت ياردەم بېرىش، كۆپ تەرەپ تەڭ ھەرىكەتكە كېلىش» تەك نامراتلىقنى تۈگىتىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۇرۇپ، مەخسۇس تۈر بويىچە يۆلەش، ساھەلەر بويىچە يۆلەش، جەمئىيەت يۆلەش، جەنۇبىي شىنجاڭغا ياردەم بەرگۈچى ئورۇنلار يۆلەش ۋەزىپىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

**4) نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى خىزمىتىنى باھالاش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك**

نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك بولغان سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى بايلىقلارنى جۇغلاش ۋە تەقسىملەشكە چېتىلىدۇ، بۇنىڭدا باھالاش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمى كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا ھەم يۆلەش مەبلىغىگە چېتىلىدىغان ئۇچۇر ئاشكارىلاش مېخانىزمى بىلەن يۆلەش ئوبيېكتى، تۈر ئىبلان قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەم جەمئىيەتنىڭ نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇپەتتىشلىكنى كۈچەيتىش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۈچىنچى تەرەپ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، يۆلەش ئوبيېكتلىرىنىڭمۇ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. يىل ئاخىرىدا نامراتلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، نامراتلارنى كېمەيتىش، خەلق تۇرمۇشى، ئېكولوگىيە جەھەتتە ئىشلەنگەن خىزمەت نەتىجىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

**5) يۆلەش بىلەن ئىرادە يېتىلدۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك**

نامراتلىقنى تۈگىتىش جەريانىدا، مەبلەغ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىشكە يۆلىنىۋېلىش بىلەنلا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىق مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ رايون خاراكتېرلىك نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، نامرات رايونلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تەرەققىياتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، گۈزەل يۇرت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ ئۇزاق مەزگىللىك پىلاندۇر.

## پايدىلانمىلار:


1. شى جىنپىڭ: «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى» (پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات )[N] . شىنجاڭ گېزىتى، 2017 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانى.

2. 李克强. 政府工作报告[N]. 新疆日报, 2018 年 1 月 28 日

3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچ ئەل» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى: «ئۈچ ئەل» خىزمىتىدىن 100 مىسال» [M] . 2015.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 05 - 091 - 01(2018) 5878 - 1005

# ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرگە ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا*

ئابلەت ئابدۇللا

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە سۆز - ئاتالغۇلار كىرىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بۇ كىرمە سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشىدا بەزى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش تىللارنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رىئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنى قوللىنىشتا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر تىلى؛ خەنزۇچە كىرمە سۆز؛ مەسىلە

**正视维吾尔语中的汉语借词**

阿布来提 · 阿布都拉

**摘要:** 随着各民族之间交流交往的增强，现代维吾尔语吸收了不少汉语借词。同时，维吾尔语中汉语借词的使用方面出现了一些问题。有效解决此问题，在促进不同语言之间的融合以及加强民族团结起重要的作用。本文主要讨论了准确适用维吾尔语中的汉语借词当中存在的一些问题及其对策。

**关键词:** 维吾尔语；汉语借词；问题

**Abstract:** With the enhancement of exchanges among various ethnic groups, modern Uyghur has absorbed many Chinese loan words. At the same time, there are some problems in the use of Chinese loan words in Uyghur. Effectively solving this problem plays an important role in promoting the integration of different languages and strengthening national unity. In this article, some problems and solutions in the application of Chinese loanwords in Uyghur were mainly discussed.

**Keywords :**Uyghur, Chinese loanwords, problems.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H215　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە تەسىرىدە، بىر تىل يەنە بىر تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ سۆز قوبۇل قىلىش تولىمۇ نورمال ئەھۋال.چۈنكى «تىل تەسىرىدىكى ئەڭ روشەن ئىپادىسى لېكسىكىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ»[1]. خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرى ئۇزاق ئۇچرىشىش ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا خەنزۇ تىلى ئۇيغۇر تىلىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە خەنزۇ تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلۈك قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. «كىرمە سۆز دېگىنىمىز تاۋۇش بىلەن مەنىسى ئوخشاشلا باشقا تىللاردىن كىرگەن

*بۇ ماقالە 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
**ئاپتور:** ئابلەت ئابدۇللا (1986 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان)، جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى كەسپى 2015 - يىللىق ماگىستىرانتى.

سۆزدۇر»[2].

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەر ئىزچىل قوللىنىش داۋامىدا ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، بۇلارنى «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزاھلىق لۇغىتى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ئىزاھلىق لۇغىتى» ۋە ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىن بىلىش مۇمكىن. قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلىدا «چاي»، «سەي»، «لازا» قاتارلىق خەنزۇچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن ئورۇن ئالدى. يەنى كېلىپ نۇرغۇن خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى. بۇ ھەقتە گاۋ لىچىن، چېن شىمىن، جۇ جىنىڭ، خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم قاتارلىق تىلشۇناسلار مەخسۇس ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى، قوللىنىشى، قېلىپلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى شەرھلىگەن.

ھالبۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە بىر قىسىم كىرمە سۆزلەرنى قوللىنىشتا خەنزۇچە ۋە رۇسچە سۆزنى تەڭ قوللىنىش، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە سۆزنى تەڭ قوللىنىش، خەنزۇچە كونا كىرمە سۆزلەرنى چەتتىن كىرگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلدى. بۇنداق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ مۇلاھىزە قىلىشنىڭ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيىتى بولۇپلا قالماي، يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئارا باردى - كەلدى، ئالاقە ۋە بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنىڭ قوللىنىشىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە مەسىلە ۋە ئۇلارغا قانداق ئىلمىي ۋە توغرا قاراش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدۇ.

## 2. خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت لۇغەت، قوش تىللىق لۇغەت ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر تىلى ئۆلچەملىك تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنى قوللىنىشتا مۇنداق بىرقانچە مەسىلە ساقلانغان:

بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلىدا ئىزچىل قوللىنىۋاتقان خەنزۇچە كونا كىرمە سۆزلەرنى رۇسچە ياكى ئىنگلىزچە سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ قوللانغان. مەسىلەن: خەنزۇچە فۇداۋ(辅导)، «ئىزاھلىق لۇغەت»749 - بەت) سۆزى رۇسچە كونسۇلتاتسىيە («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»452 - بەت) دېگەن سۆز بىلەن تەڭ ئىشلىنغان، ئەنزە (案子)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 98 - بەت)دېگەن سۆز دېلو («ئۇيغۇر تىلىدىكى چەتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى»، 253 - بەت) سۆزى بىلەن ئىشلىنغان، جياۋبۇ(胶布)، »ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 408 - بەت) رۇسچە پىلاستىر(«خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، 1008 - بەت)دېگەن سۆز بىلەن ئىشلىنغان. بۇنداق ئەھۋالدا خەنزۇچە كونا كىرمە سۆزلەر بىلەن چەت ئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى كىرمە سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىلمىي قېلىپلاشتۇرۇش زۆرۈر.

ئىككىنچى، خەنزۇچە كونا كىرمە سۆزلەر ئىچىدە، بەزىلىرىنىڭ ئىشلىتىش چاستوتىسى بىر قەدەر يۇقىرى، بۇنداق سۆزلەرنى يەنى باشقا تىللاردىن يېڭى سۆز قوبۇل قىلىش ياكى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت - شېۋىلىرىدىن سۆزلەرنى قېزىش ئارقىلىق ئىپادىلەش ئەھۋالى كۆرۈلدى. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى جۇاڭ يۈەن (状元) سۆزىنى

ئەرەبچە سۆز بىرىكمىسى ئەلىۋۇلئەلا (ئەلالارنىڭ ئەلاسى) بىلەن، بەسەي(白菜) دېگەن سۆزنى يېسسىۋېلەك بىلەن، ماجاڭ (麻将) سۆزىنى ششىخال بىلەن، موما(馍馍) سۆزىنى هورنان بىلەن، چىسەي (芹菜)سۆزىنى كەرەپشە بىلەن، لەڭپۇڭ (凉粉) سۆزىنى دېئالېكتتىن سۆز ئېلىپ «لىغىرداق» دەپ ئىپادىلەشتەك ئەھۋال مەۋجۇت. ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىشتا كۆرۈلگەن بۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىش رېئاللىقىغا سەل قارىغانلىق بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا پايدىسىز.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇرچە لۇغەتلەردە خەنزۇچە كىرمە سۆزلەر بىلەن خەنزۇچە تەڭ مەنىدىكى سۆزلەرمۇ بېرىلگەن، مەسىلەن: كۇسار (裤衩)، («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»903 - بەت) ۋە ئۇيغۇرچە كالتە ئىشتان («خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، 1178 - بەت)، سەنپەن(算盘)، »ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 624 - بەت ) ۋە چوت («خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت، 1872 - بەت)، سەيپۇڭ (裁缝)«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، (627- بەت) ۋە ئۇيغۇرچە كىيىم تىككۈچى دېگەندەك سۆزلەر تەڭ قوللىنىلماقتا. بۇنداق تەڭ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قوللىنىشى ئۇيغۇر تىلى ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ تەكرار كۆرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بەزى ئاۋارىچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىق چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنداق سۆزلەرنى لۇغەتلەردىن تەكشۈرۈشكە قارىغاندا يەنە، سەنمو (参谋) بىلەن مەسلىھەتچى، گادا (疙瘩) بىلەن هۈررەك، بىگىسى (本事) بىلەن قابىلىيەت، سىلىڭ (司令) بىلەن قوماندان سۆزلىرى تەڭ مەنىدە دەپ ئېلىنغان. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تىل تەركىبلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن ئۆلچەملەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىشلىتىش چاستوتىسى يۇقىرى بىر قىسىم سۆزلەر مۇناسىۋەتلىك ئىزاھلىق لۇغەت ۋە خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قوش تىل لۇغەتلىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالالماي قالدى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»غا 300 دىن ئارتۇق خەنزۇچە كىرمە سۆز كىرگۈزۈلگەن. لېكىن بۇ لۇغەت نەشر قىلىنغىنىغا 30 يىلچە ۋاقىت بولدى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئېغىز تىلىدا خەنزۇ تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن كۆپلىگەن سۆزلەر قوللىنىپ كېلىندى. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىش چاستوتىسى چەت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئۇيغۇر تىلى سۆز ياساش قائىدىسى بويىچە ياسالغان سۆزلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر يۇقىرى. ۋاھالەنكى، بۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر ئۆلچەملىك تىلىنىڭ ئالاقىدار لۇغەت ۋە قوش تىل لۇغەتلىرىگە كىرگۈزۈلمىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، نۆۋەتتە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن خەنزۇ تىلى ئۇيغۇر تىلىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكىسىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىدىغان ئەمما ئورتاق يېزىق تىلىدا قوللىنىلمايدىغان سۆزلەرنى يىغىش ۋە رەتلەش ھەمدە ئۇلاردىن مۇۋاپىقلىرىنى ئۆلچەملىك تىلدا قوبۇل قىلىش نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ئىش.

## 3. ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى

جەمئىيەت تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۆزگىرىش ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى تىللارنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى، جۈملىدىن فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى، يەنە بىرى، تىللارنىڭ رولى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى، يەنى تىللارنىڭ رولىنىڭ تۆۋەنلىشى، تىل ئالمىشىش قاتارلىق

ئۆزگىرىشلەردۇر. ئېنىقكى تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە تىل تەسىرى پەيدا بولىدۇ، تىل تەسىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا ۋە تىل ئىستېمالىدا كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تىل تەسىرى لېكسىكىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىش، جۈملىدىن سۆز قوبۇل قىلىشتا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئەكس ئېتىدۇ[3]. ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا يۇقىرىقىدەك تىل قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئىنتايىن مۇھىم. مېنىڭچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرگە ئائىت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىش ئەمەلىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرگە ئىلمىي ۋە توغرا قاراپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك لۇغەت ۋە ئەسەرلەردە تېگىشلىك ئورۇن بېرىش زۆرۈر. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى پاكىتىغا ھۆرمەت قىلغانلىق بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىغا پايدىلىق.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا ئىزچىل ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ ئورنىغا چەت ئەل تىلىدىن زورمۇزور سۆز قوبۇل قىلىپ ئىپادىلەشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. بولۇپمۇ جياۋبۇ (胶布) سۆزىنى پىلاستىر، كۆپەيتىلگەن (复印) سۆزىنى كوپى دەپ ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان، ئىشلىتىش چاستوتىسى يۇقىرى بولۇۋاتقان خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنى داۋاملىق قوللىنىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش بىر خىل ئىلمىي پوزىتسىيە، يەنە كېلىپ بۈگۈنكى ئېلىمىزدە «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش»، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى تونۇش»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان «بەش تونۇش» تەكىتلىنىۋاتقان شارائىتتا ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرگە توغرا ۋە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ قېلىپلاشتۇرۇش مۇھىم ئاكتىۋال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىدا ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنى دېئالېكتتىن سۆز ئىزدەپ ياكى ئەتەي سۆز ياساپ ئىشلىتىشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق. مەسىلەن، «لەنپۇڭ» سۆزىنى دېئالېكت سۆزى «لىغىرداق» دەپ ئېلىش، «موما» سۆزىنى سۆز ياساپ ھور نان دەپ ئېلىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇچە سۆزلەر ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا ئۇنىڭ تەڭ مەنىدىكى سۆزىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا بەزى ئۇقۇشماسلىق ۋە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

تۆتىنچىدىن، خەنزۇچە كىرمە سۆز بىلەن ئۇيغۇرچە سۆزنى تەڭ مەنىدە قوللىنىش مەسىلىسىدە، ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تەڭ مەنىلىك ئىككى سۆزدىن بىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش مۇۋاپىق. مەسىلەن، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن پەيچۇسو (派出所)، 211 - بەت) بىلەن ساقچىخانا، تۈەن(团)، 320 - بەت) بىلەن پولك، جەنيى(战役) ، 181 - بەت) بىلەن ئىستىھكام، جوزا (桌子)، 394 - بەت) بىلەن شىرە قاتارلىق سۆزلەر ئەنە شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇچە ئارقىلىق كىرگەن سۆزلەرنى زورىغا باشقا تىلدىن سۆز ئېلىپ ئىپادىلەش ئارتۇقچە ئىش بولۇپ، تىل قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسى. مەسىلەن، ساپا(沙发) دېگەن ئىنگلىزچە سۆزنى كىرېسلو دەپ ئېلىش، كوفى (咖啡) دېگەن ئىنگلىزچە سۆزنى قەھۋە دەپ ئېلىش دېگەنلەرمۇ شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە

كىرمە سۆزلەرگە ئائىت مەسىلىلەرنى يىغىپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ مەيلى ئۇيغۇر تىل لېكسىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا بولسۇن، مەيلى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى توغرا تونۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بولسۇن ئەھمىيىتى زور. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرگە ئىلمىي ۋە توغرا قاراپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا تېگىشلىك ئورۇن بېرىش سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن يېقىنقى 30 نەچچە يىلدىن بېرى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنى يىغىپ ۋە رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈش تولىمۇ زۆرۈر. ئەلۋەتتە بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## ئىزاھلار:


[1] 戴庆厦. 社会语言学概论[M]. 北京:高务印刷管, 2014: 90.

[2] 叶蜚声. 徐通锵. 语言学纲要[M]. 北京，高务印刷管, 2012: 198.

[3] 叶蜚声. 徐通锵. 语言学纲要[M]. 北京，高务印刷管, 2012:86 - , 90.


## پايدىلانمىلار:


1. 叶蜚声，徐通锵. 语言学纲要[M]. 北京, 高务印刷管, 2012.
2. 戴庆厦. 社会语言学概论[M]. 北京:高务印刷管, 2014
3. 新疆民语委编《维汉大辞典》[M]. 北京:民族出版社, 2006.
4. 高莉琴. 维吾尔语中不同时期汉语借词[M]. 乌鲁木齐:新疆大学出版社, 2005.
5. 朱志宇. 维吾尔语中的汉语借词[J]. 中国语文, 1965(5).
6. 陈世明. 维吾尔语中的汉语借词[J]. 民族语文, 2004(3).
7. ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»(قىسقارتىلمىسى) [M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999.
8. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇچە كىرمە سۆزلەر ۋە ئۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا»[J]. «تىل ۋە تەرجىمە»، 1998(4).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2018)01 - 096 - 08

# يېڭى دەۋردىكى تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە تەھلىل*

ئابدۇۋەلى قېيۇم، ئوسمان جۇمە

(غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى - مەدەنىيەت ئىنستىتۇتى، لەنجۇ. 730030)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تەرجىمە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە خېلى بۇرۇنلا باشلانغان مۇھىم ئالاقە پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تىل ئالاقە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ھەم مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئەنئەنىۋىي تەرجىمىدە تەرجىمە مەشىقى ئاساس قىلىنىپ، ئاددىي تەرجىمە قىلىش ماھارەتلىرى ئارقىلىق تەرجىمانلىق مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى، ئۇ چاغدا تەرجىمە نەزەرىيەسى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىناتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزدە تەرجىمە نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. چەت ئەلنىڭ تۈرلۈك تەرجىمە نەزەرىيەسى قاراشلىرىمۇ دۆلىتىمىزگە ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ كىردى. تەرجىمانلار ئاخىرى تەجرىبىچىلىك، بېكىنمىچىلىكتىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلۇپ، نەزەرىيە جەھەتتە تەرجىمىگە قايتا نەزەر تاشلاشقا باشلىدى. شۇنداقلا، تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ پەقەت تەتقىقاتچىلارغىلا خاس بولغان تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىلا ئەمەس، بەلكى ئىلمىي يەكۈننىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ئارقىلىق تەرجىمە ئۇسۇلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، تەرجىمىنىڭ ئەمەلىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق يۇقىرى ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدىغان بىر ئۇنىۋېرسال ئىلىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇ ماقالىدە، يېڭى دەۋردە تەرجىمە نەزەرىيەسىنى قايتىدىن تونۇش ئاساسىدا، تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ تەرجىمىدىكى ئورنى، رولى، ئەھمىيىتى ئۈستىدە تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** يېڭى دەۋر، تەرجىمە نەزەرىيەسى؛ قوللىنىش؛ ئەھمىيىتى

## 浅谈新时代学习翻译理论的意义

阿卜杜外力·柯尤木，吾斯曼·居买

**摘要**：翻译作为重要的联系方式之一，在人类社会很早就开始使用，它是语言联系方式的成果及重要成分。传统的翻译方式以翻译练习作为基础，简单的翻译就可以达到目的，当时翻译理论很少被提到。近年来在我们国家研究翻译理论开始兴起，外国的种种翻译理论不断传入我国。翻译者们终于放弃他们已有的经验，开始重新观望翻译理论以及重新认识到翻译不仅只是翻译研究者的成果，也适合科学研究的成果，找出翻译方式方法，理论结合实际就能使其发挥重要作用并能产生效益。本文在重新认识新时代翻译理论的基础上，具体研究翻译理论在翻译中发挥的重要地位、作用以及意义。

**关键词**：新时代；　翻译理论；　应用；　意义

**Abstract:** As an important mean of communication, the translation has been used since the early days of human society. It is the result and important component of language contact. The traditional translation method is based on translation exercises. A simple translation can achieve the goal. At that time, translation theory was rarely mentioned. In recent years, the studies on the theory of translation in our country has begun to rise, and various translation theories from other

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
**ئاپتورلار:** ئابدۇۋەلى قېيۇم (1994 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان)، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيەت ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات كەسپىنىڭ 2017 - يىللىق ماگىستىرانتى.
ئوسمان جۇمە (1980 - يىلى 4 - ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ..

countries have also spread into our country. The translators finally gave up their existing experience and began to revisit translation theories and re-recognized that translation is not only the achievement of the translation researchers, but also the result of scientific research. It can find out the methods of translation, and the combination of theory and practice can make it play an important role and can produce benefits. Based on a new understanding of the translation theory of the new era, this paper studies the importance, function and significance of translation theory in translation.

**Keywords:** new era; translation theory; application; significance

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H059 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تەرجىمە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە خېلى بۇرۇنلا باشلانغان مۇھىم ئالاقە پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تىل ئالاقە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ھەم مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. تەرجىمە بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئۇچۇر ـ ئالاقىگە ئائىت مەزمۇنلارنى باشقا بىر تىلدا جانلىق ئىپادىلەپ، كەڭ تەرجىمە ئەسەر ئوقۇرمەنلىرىنى ئەسلىي تىلدا يېزىلغان ئەسەر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن ئوخشاش تەسىراتقا ئىگە قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان، پەلسەپە، تىلشۇناسلىق، لوگىكا، گۈزەل ـ سەنئەت، تارىخ، ئەدەبىيات قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىر ئىلىم. ئەنئەنىۋىي تەرجىمىدە تەرجىمە مەشىقى ئاساس قىلىنىپ، ئاددىي تەرجىمە قىلىش ماھارەتلىرى ئارقىلىق تەرجىمانلىق مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. ئۇ باسقۇچتا تەرجىمە نەزەرىيەسى ناھايىتى كەم تىلغا ئېلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرجىمە نەزەرىيەسى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئېلىمىز مۇتەپەككۇرى يەن فۇ (1853 ـ 1921) ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان «سادىق بولۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك بولۇش» نەزەرىيەسىدىن باشقىسى يوق ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىز ئىچىدىكى تەرجىمە نەزەرىيەسى تەتقىقات پائالىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك قىزغىن بىر مۇھىت مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. چەت ئەلنىڭ تۈرلۈك تەرجىمە نەزەرىيەسى قاراشلىرىمۇ ئۆزلۈكسىز دۆلىتىمىزگە تارقىلىپ كىردى. تەرجىمانلار ئاخىرى تەجرىبىچىلىك، بىكىنمىچىلىكتىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇپ، نەزەرىيە جەھەتتە تەرجىمىگە قايتا نەزەر تاشلاشقا باشلىدى. شۇنداقلا، تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ پەقەت تەتقىقاتچىلارغىلا خاس بولغان تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىلا ئەمەس، بەلكى ئىلمىي يەكۈنىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ئارقىلىق، تەرجىمە ئۇسۇلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، تەرجىمىنىڭ ئەمەلىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق يۇقىرى ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدىغان بىر ئۇنىۋېرسال ئىلىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

يېقىنقىدىن بۇيان نەشىردىن چىققان بەزى تەرجىمە ماتېرىياللىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمە نەزەرىيەسى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ كۆپ، مەسىلەن، تەرجىمە ئېستېتىكىشۇناسلىقى، تەرجىمە ئىستىلىستىكىشۇناسلىقى، تەرجىمە تىلشۇناسلىقى، تەرجىمە پىسخولوگىيەسى، تەرجىمە ئېتىكىشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە تەرجىمىشۇناسلىقى، مەدەنىيەت تەرجىمىشۇناسلىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. تەرجىمە ئادەتتە تەرجىمە ئەمەلىيىتى، تەرجىمە ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە، تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە تەرجىمە تارىخىدىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەرجىمە نەزەرىيەسى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى تەرجىمە نەزەرىيەسى بىلەن تەرجىمىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، تەرجىمىدە نەزەرىيەنىڭ يېتەكچىلىكى كەم بولسا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەرجىمە نەزەرىيەسى بىلەن

تەرجىمە ئەمەلىيىتى ئۆز ئارا زىچ باغلانغان بولىدۇ.

## 1. ئەنئەنىۋى تەرجىمە نەزەرىيەسىدىكى يېتەرسىزلىكلەر

تەرجىمە نەزەرىيەسى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، چوقۇم ئەنئەنىۋى تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئەسكە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تەرجىمە ئەمەلىيىتى بىلەن تەرجىمە نەزەرىيەسى بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ، شۇنداقلا تەرجىمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما تەرجىمە ئىلمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق ئىش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، تەرجىمە نەزەرىيەسى بىلەن تەرجىمە ئەمەلىيىتى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى كىشىلەر تەرجىمانلىقتا «پەقەت ئەمەلىيەت بولسىلا بولىدۇ، نەزەرىيە كېرەك ئەمەس» دېگەندەك خاتا قاراشتا بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى جايلاردىكى تەرجىمانلىقتا تەرجىمە ئەمەلىيىتىنىلا ئاساس قىلىپ، تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ناھايىتى ئاز ئىشلەتكەن ياكى بۇرۇنقى كونا نەزەرىيە بىلەن چەكلىنىپ قالغان. كىشىلەرنىڭ تىل ۋە تەرجىمىگە بولغان تونۇشى باشلىنىشتىلا كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە دۇنيا قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئاساسلىق سەۋەبنى ئوبيېكتىپ تەرەپكە مەركەزلەشتۈرۈپ: تەرجىمىدىكى تەجرىبىچىلىك؛ تەرجىمىدە پەقەت ئەمەلىيەتكىلا تايىنىۋېلىش؛ نەزەرىيەۋى ئامىللارغا سەل قاراش قاتارلىق نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئەنئەنىۋى تەرجىمە نەزەرىيەسىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىش (يەن فۇنىڭ «سادىق بولۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك بولۇش» نەزەرىيەسى، فۇ لېيىنىڭ «ئەينەنلىك» تەلىماتى، چيەن جوڭشۇنىڭ «يۇقىرى پەللە» تەلىماتى). يەنە بىرى، تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان ياكى يەكۈنلەپ چىقارغان تەرجىمە تەجرىبىسى بىلەنلا چەكلىنىشتىن ئىبارەت. ئېلىمىزنىڭ تەرجىمە نەزەرىيەسى تارىخى ئەڭ بۇرۇنقى بۇددا نومىلىرىنى تەرجىمە قىلىش نەزەرىيەسىدىن باشلاپ ھازىرقى زاماندىكى ئىلغار تەرجىمە نەزەرىيەسىگىچە بولغان ئۇزۇن تارىخنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ چاغلاردا نۇرغۇنلىغان داڭلىق تەرجىمە نەزەرىيەچىلىرى يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۈەنزاڭ (600 - 664) بىلەن يەن فۇنىڭ (1853 - 1921) تەرجىمە تەلىماتى تاكى بۈگۈنگىچە قوللىنىلىپ تارىخىي ئۆرنەككە ئايلانغان ئىدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىلگىرى تەرجىمە نەزەرىيەسىگە نىسبەتەن خىلمۇ - خىل قاراشلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالمىغان، ئەمما يېڭى دەۋردىكى تەرەققىي قىلغان تەرجىمە ئىلمى بۇرۇنقى تەجرىبىچىلىك قاتلىمىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھەقىقىي نەزەرىيە قاتلىمىغا كىردى. تەرجىمە نەزەرىيەسىدە تەرجىمە ژانىرىغا نىسبەتەن ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمىغان، كۆزنىتىش نۇقتىسىنى تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئوقۇرمىنىگە ۋە قوبۇل قىلغۇچىسىغا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى قاتارلىق تەرەپلەرگە ۋە تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋە ئۈنۈمىگە مەركەزلەشتۈرۈشتىن باشقا، يەنە تەرجىماننىڭ تەرجىمە جەريانىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش قاتارلىق ئامىللارغا قارىتقان. شۇنداقلا تەرجىمە جەريانىدا «بىز قانداق تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك؟ توغرا تەرجىمىسى قايسى؟» دېگەن قاراشتىن «تەرجىمىنىڭ رولى نېمە؟ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى تارقىلىش ئەھۋالى قانداق؟ ئۇنىڭ ئۈنۈمى قانداق؟» دېگەن قاراشقا يۆتكەلگەن ئىدى. يېڭى دەۋردە تەرجىمە ساھەسىدە تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشلەر بارلىققا

كەلدى. بىز چوقۇم ئەنئەنىۋى تەرجىمە نەزەرىيەلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشىمىز كېرەك. يەنە يېقىندىن بۇيان يېڭىدىن نەشر قىلىنغان تەرجىمە نەزەرىيەسىگە ئائىت كىتابلار بىلەن نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز، تېخىمۇ يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇش ئارقىلىق تەرجىمە نەزەرىيەسى بىلەن تەرجىمە ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇلار بىر تەرەپتىن، تەرجىمىنىڭ مۇقەررەر تەرەققىيات يۈزلىنىشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ تەرجىمىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇمۇ يېڭى دەۋرنىڭ تەرجىمە ئىلمىگە بولغان ئېھتىياجىدۇر.

## 2. يېڭى دەۋر تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى

تەرجىمە نەزەرىيەسى ئۈستىدە توختالغاندا، تەبىئىي ھالدا تەرجىمشۇناسلىقنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەرجىمشۇناسلىق تەرجىمە قانۇنىيىتى بىلەن تەرجىمە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم. تەرجىمشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمىنىڭ ماھىيىتى، قائىدىسى، جەريانى، مېتودى، ئۆلچىمى قاتارلىق بىر تۈركۈم تەرجىمە بىلىملىرىگە نىسبەتەن ئىدراكىي چۈشىنىشنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئابستراكتلىشىشىدىن ئىبارەت[1]. كىشىلەر بىرى بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرجىمە نەزەرىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: تەن زەيشىنىڭ «تەرجىمشۇناسلىق» دېگەن ئەسىرىدە، تەرجىمە ئىلمىنى مەزمۇن جەھەتتىن، ئۈچ بۆلۈمگە بۆلگەن بولۇپ، ئۇلار: ئومۇمىي تەرجىمشۇناسلىق، ئالاھىدە تەرجىمشۇناسلىق ۋە قوللىنىشچان تەرجىمشۇناسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئومۇمىي تەرجىمشۇناسلىق ئاساسلىقى ئىنسانلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تەرجىمىنىڭ نورمال قانۇنىيەتلىرى، تەرجىمىنىڭ نورمال جەريانى ۋە تەرجىمىنىڭ پۈتكۈل ئىلىم - پەن سىستېمىسىدىكى ئورنى ۋە باشقا ئىلىملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ ماكرو جەھەتتىن: تەرجىمىنىڭ خاراكتېرى، فۇنكسىيەسى، ئۆلچىمى ۋە تەرجىمانىنىڭ ئادەتتىكى مەسئۇلىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ؛ ئالاھىدە تەرجىمشۇناسلىق ئاساسلىقى ئىككى خىل كونكرېت تىلنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئىككى خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىيەتلىك ۋە ياكى قانۇنىيەتسىزلىك، ماسلىششچانلىق ياكى ماسلاشماسلىق، ئۆزلىشىش ۋە ياكى توقۇنۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. قوللىنىشچان تەرجىمشۇناسلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇمىي تەرجىمشۇناسلىق، ئالاھىدە تەرجىمشۇناسلىق نەزەرىيەسى، تەرجىمە ئەمەلىيىتى تەرجىمە ئوقۇتۇشى، تەرجىمە تەنقىدى، تەرجىمە كىتابلارنى تۈزۈش، ماشىنا ئارقىلىق تەرجىمە قىلىش ساھەلىرىدە قانداق قوللىنىشنى تەتقىق قىلىدۇ. مىكرو نۇقتىدىن: تەرجىمىنىڭ مەقسىتى، رولى، ئۆلچىمى، پىروگراممىسى، ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ[2]. ئۇنىڭغا نىسبەتەن، يەن فۇنىڭ «سادىق بولۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك بولۇش» نەزەرىيەسى مۇكەممەل نەزەرىيە ھېسابلانمايدۇ. بىز يەنە لىيۇ مىچىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىغا قاراپ باقايلى، ئۇ تەرجىمشۇناسلىق قۇرۇلمىسىنى ئۇنىۋېرساللىقى ئىگە بولغان «ئىچكى سىستېما» ۋە «تاشقى سىستېما» دەپ ئىككى سىستېمىغا ئايرىغان بولۇپ، تەرجىمەشۇناسلىقنىڭ ئىچكى سىستېمىسىنىڭ يادروسى تەرجىمە نەزەرىيەسى ھېسابلىنىدۇ دەپ قارىغان، ئۇنىڭ قارىشىچە، تەرجىمىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئالتە بۆلۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ، ئۇلار: ئاساسىي نەزەرىيە شەكلى، ماھىيەت، پىرىنسىپ،

تەرجىمە تەپەككۇرى، تەرجىمىلىككە ئىگە تەتقىقات، تەرجىمە ماھارىتى ئېگى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسىي شەكىل بولسا پۈتۈن نەزەرىيە سىستېمىسىغا تايىنىپ شەكىللەنگەن ئاساسىي ئىدىيەنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە مۇجەسسەملىشىشى ۋە تەرتىپلەشتۈرۈلىشىدۇر. «سىرتقى سىستېما»نى پەلسەپەۋى تەپەككۇر، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، تىل بەلگىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بۆلۈمگە بۆلگەن. تەرجىمە نەزەرىيەسىنى تەرجىمىنىڭ ماھىيىتى، پىرىنسىپى، ئۆلچىمى؛ تەرجىمىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى، ھالقىما پەنشۇناسلىقى؛ تەرجىمە ماھارىتى ئېگى قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلىغان[3]. بۇلاردىن باشقا يەنە، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تەرجىمشۇناسلىقنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قاتلامغا ئايرىغان بولۇپ، ئۇلار: (1) ئونتولوگىيە تەرجىمشۇناسلىقى، بۇ تەرجىمىنىڭ دەل ئۆزىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم بولۇپ، ئۇ تەرجىمەشۇناسلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى، تەتقىقات ئوبيېكتى، خاراكتېرى، دائىرىسى، ئالاھىدىلىكى، پىرىنسىپى، مېتود ـ ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. (2) ئاساسىي تەرجىمشۇناسلىق، بۇ ئونتولوگىيە تەرجىمشۇناسلىقى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىدىن شەكىللەنگەن ئالاھىدە يېڭى ئارىلىق پەنلەر ياكى تەرجىمشۇناسلىقنىڭ تارماق پەنلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. مەسىلەن، تىل تەرجىمشۇناسلىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرجىمشۇناسلىقى، ئالاقىلىشىش ـ ئالماشتۇرۇش تەرجىمشۇناسلىقى، فۇنكسىيەلىك تەرجىمشۇناسلىق، مەدەنىيەت تەرجىمشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە تەرجىمشۇناسلىقى دېگەنلەرگە ئوخشاش. (3) تەتبىقلاش تەرجىمشۇناسلىقى، بۇ ئەمەلىي تەرجىمشۇناسلىق ۋە ياكى قوللىنىشچان تەرجىمشۇناسلىق دېيىمۇ ئاتىلىدۇ، ماشىنا تەرجىمىچىلىكى دەل مۇشۇ مەنىدىكى تەرجىمىچىلىكتۇر[4]. بۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زامان كونتېكىست ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تەرجىمە نەزەرىيەسى فورمىسى دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان ئېكولوگىيە تەرجىمشۇناسلىقى ھەم پەندىن ھالقىغان ئارىلىق تەتقىقاتى ھەم ھازىرقى زامان تەرجىمشۇناسلىق نەزەرىيەسى تەتقىقاتىنىڭ داۋامى ۋە ئۆزگەرگەن ھالىتىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرجىمشۇناسلىقنىڭ ئەنئەنىۋى بىر يۆنىلىشتىن، بىر پۈتۈنلۈك يۆلىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسىدۇر[5]. يۇقىرىقى بايانلاردىن تەرجىمشۇناسلىقنىڭ نورمال ئىجتىمائىي پەنلەردىن ھالقىغان ئۇنىۋېرسال بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ تەرجىمىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئاددىي بىرىكىشى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس نەزەرىيەۋى ئۇقۇمى، ئوبيېكتى، خاراكتېرى، ئاساسى، قانۇنىيىتى، قائىدىسى، پىرىنسىپى، ئۆلچىمى، نىشان ـ تەلىپى، مېتودى، ئۇسۇلى، جەريانى ۋە مۇناسىۋەتتى قاتارلىق ئامىللىرىنىڭمۇ بارلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ تەرجىمە ئىلمىنىڭ يادروسى، شۇنداقلا يېڭى دەۋر تەرجىمە نەزەرىيەلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتتىكى تەرجىمە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

## 3. تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى

ئۇنۇملۇك تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە، شۇنداقلا تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمانلارنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمەلىيەتتە تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆز ئارا بىرلىشىشى دەل بۇ ئىلمىنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكىدۇر. تەتقىقاتچىلار تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك

ئىككى خىل تەرجىمە نەزەرىيە ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىققان، يەنى شەخسلەر تەزكىرىسى تىپىدىكى تەرجىمە نەزەرىيە ئۇسۇلى ۋە مەسىلە تىپىدىكى تەرجىمە نەزەرىيە ئۇسۇلى. يەنى نەزەرىيە سىستېمىسىدىكى مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ئىزاھلاپ ۋە ئۇلارنىڭ قارىشىنى بايان قىلىش ئاساسىدا نەزەرىيەنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنە تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى دەسلەپكى باسقۇچ، ئوتتۇرا باسقۇچ، يۇقىرى باسقۇچ دەپ ئۈچ باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ. دەسلەپكى باسقۇچ تەرجىمە نەزەرىيەسىنى چۈشىنىش باسقۇچى، ئوتتۇرا باسقۇچ ئاساسلىقى چوڭقۇرلاپ كىرىش باسقۇچى، يۇقىرى باسقۇچ ئاساسلىقى قوللىنىش باسقۇچى. بەزى ئەسەردە شەخسلەر تەزكىرىسى تۈرىدىكى تەرجىمە نەزەرىيەسى قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ھەر بىر بۆلۈمگە كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىلىمىزنىڭ تەرجىمە تارىخى ۋە تەرجىمە نەزەرىيەسى ھەققىدىكى دەسلەپكى بىلىمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى دەۋر تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ يېڭى قاراشلىرى ۋە يېڭى مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلغان ئەسەرلەردە غەربنىڭ تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىياتى (ئىزاھشۇناسلىق، تەجرىبە تەتقىقاتى، مۇرەككەپ سىستېما نەزەرىيەسى، قۇرۇلمىشۇناسلىق قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى نەزەرىيەلەر)، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى تەرجىمە تەتقىقاتى، تەرجىمىنىڭ تۈپ قائىدىسى، تەرجىمە بىلەن ئېستېتىكا، ئەدەبىي تەنقىد قاتارلىقلاردۇر دەپ كۆرسەتكەن[6]. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يېڭى دەۋردىكى تەرجىمە نەزەرىيەسى ئەسەرلىرىدە قوبۇل قىلىدىغان ئۇچۇر ئىنتايىن مول بولۇپ، تەرجىمىدىكى ئۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى تەرجىمە ماتېرىياللىرىدا باشتىن - ئاخىرى تەرجىمە ماھارەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا تەرجىمە نەزەرىيەسى بىزگە نېمىنى ئۆگىتىشى كېرەك؟ قانداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ؟ ئۇ تەرجىمىدە قانداق رول ئوينايدۇ؟ قاتارلىقلار ھالقىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 4. تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشكە قويۇلغان يېڭى تەلەپ

ئاتاقلىق تەرجىمە نەزەرىيەچىسى پىروفېسسور نيۇمارك پېتېر مۇنداق دېگەن: «تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمە ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇ تەرجىمانلارغا قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەرجىمە نەزەرىيەسى تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇل، تەرجىمە ماھارىتى تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.» بۇنىڭدىن تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرجىمە جەريانىدا تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئىشلىتىش بۇرۇنلا قوبۇل قىلىنىپ بولۇنغان ئىدى. بىر قىسىم ئادەملەردە يەنىلا «تەرجىمىدە نەزەرىيە بولمايدۇ» دېگەن قاراش يوقمۇ ئەمەس. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەرجىمە نەزەرىيەسىگە بارغانچە ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى تەرجىمە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرجىممۇ تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا ئىگە نەزەرىيەگە موھتاج، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوللىنىشچان نەزەرىيە تەرجىمە ئەمەلىيىتى ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىشى كېرەك. ھازىر تەرجىمە نەزەرىيەسى ماتېرىياللىرى ناھايىتى كۆپ، سەرخىل ۋە قوللىنىشچانلىققا ئىگە. ئەمما، بىز تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە بۇ كىتابلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانمايمىز ھەم بەزى نەزەرىيە كىتابلىرىنىڭ تەرجىمىسى يوق.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلەر تەرجىمە نەزەرىيەسى ھەر خىل بولۇپ، ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا قارىشى بار، تەرجىمانلارنىڭ ئەمەلىي تەرجىمە ئىقتىدارىغا قارىتا ھېچقانداق رولى يوق، ئۇلارنى ئۆگەنگەنسېرى قايمۇقىدۇ دەپ قارىشىدۇ. تەرجىمىدە تەرجىمە مەشىقى پەقەت ئەسلىي تېكىستنى چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ سۆزلۈك ئىقتىدارىنى ئۆلچەش ۋە گراماتىكا قائىدىلىرىنى ئىگىلىشىگە ياردەم قىلالايدۇ. ئەمما تەرجىمە نەزەرىيەسى بولسا تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر بىز تەرجىمە نەزەرىيەسى بىلەن تەرجىمە مەشىقىنى ئوخشاش دەپ قارىۋالساق ئۇنداقتا تەرجىمە مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەسكە توختايدۇ. بۇ ھەقتە، لى دېلىي ئەپەندى مۇنداق دېگەن: « ئانا تىلنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىش ياكى باشقا تىللارنى ئانا تىلغا تەرجىمە قىلىش بولسا، تىل ئۆگىنىش باسقۇچىدىكى ۋەزىپە، تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ تەرجىمانلارغا ئۆگىتىدىغىنى ئۇلارنى بىر خىل تەرجىمە ماھارىتى بىلەن تەمىنلەشتۇر»[7] .

شۇڭا بىزدە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى سۈپەتلىك قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىك ئۇسۇل ۋە ماھارەت بولۇشى كېرەك. لىۇ مىچىڭ ئەپەندىنىڭ تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى بىرلەشتۈرگەندە، تۆۋەندىكىدەك تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، تەرجىمە نەزەرىيەسى كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەرجىمىدىكى تونۇشىنى ھەتتا تەرجىمشۇناسلىقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ، تەرجىمە سۇبيېكتى (تەرجىمە) ۋە تەرجىمە ئوبيېكتى(ئەسلىي تىلدىكى تېكىست)، قوبۇل قىلغۇچى (ئوقۇرمەن ۋە جەمئىيەت) نىڭ خاراكتېرى، رولى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتى جەھەتتىكى تونۇشىنى كۈچەيتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، تەرجىمە جەريانى (تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش، بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسى، تەدبىرى، تاكتىكىسى قاتارلىقلار) نى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، بىرقەدەر سىستېمىلىق بولغان قىممەت ئۆلچىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەرجىمىنىڭ قىممەت نەزەرىيەسى بولۇپ، تەرجىمە تەنقىدى ياكى تەرجىمىدە ئەمەل قىلىدىغان كونكرېت پىرىنسىپ، بىرقەدەر سىستېمىلىق بولغان نەزەرىيە ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ سېزىمى ۋە ئىش بېجىرىش تەجرىبىسىگە تايانمايدۇ. ئەگەر بىز تەرجىمە پائالىيىتىنى ئەقلىي قاتلامغا قويۇپ، تەرجىمە قۇرۇلمىسىنى بىر ئومۇمىي ئوقۇم سۈپىتىدە تەھلىل قىلساق، تەرجىمە پائالىيىتىدە ھەر خىل مەسىلىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئويلانمىساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ تەجرىبىمىزنىڭ قانچىلىق مول بولۇشى، يېزىقچىلىق ماھارىتىمىزنىڭ قانچىلىك قالتىس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ تەرجىمىمىز ئېھتىمال ھېسسىيات قاتلىمىدىن ھالقىيالماسلىقى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا پەقەت دەرەخنى كۆرۈپ، ئورماننى كۆرەلمىگەندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىز تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتەلىسەك، ئۇنداقتا قانداق ئۆگىنىش مەسىلىسى تەبىئىي ھەل بولغان بولىدۇ، ئېنىق ئېيتقاندا، تەرجىمىدە بىزنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولغىنىمىز بىلىق ئەمەس، بەلكى قارماق، بۇ قارماق دەل تەرجىمە نەزەرىيەسىدۇر. ئەمەلىيەتتە تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتى بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. شۇڭا، يېڭى دەۋردە تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قىسقىسى، بىز تەرجىمىنى تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە بويسۇندۇرۇشىمىز، تەرجىمانلارنى تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. يېڭى دەۋردە تەرجىمە تەرەققىياتى بويىغا قاراپ ئۇزارسا، تەرجىمە نەزەرىيەسى توغرىسىغا قاراپ كېڭىيىپ، تەرجىمە ئىلمىنىڭ

تەرەققىياتى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا، بۇلار تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، يەنە تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رولغا ئىگىلىكىنىڭ روشەن نامايەندىسى. شۇنداقلا، يېڭى دەۋر تەرجىمە ئىلمىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئابىدە تىكلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى.

## ئىزاھلار:


[1] شېرىن قۇربان: «ئېكولوگىيە تەرجىمىشۇناسلىقى»[J]. تىل ۋە تەرجىمە، 2012(1).

[2] تەن زەيشىڭ: «تەرجىمىشۇناسلىق »[M]. خۇبېي مائارىپ نەشرىياتى. 2000.

[3] ياڭ زىجيەن، ليۇ شۆيىن:«يېڭى تەرجىمە نەزەرىيەسى»[M]. خۇبېي مائارىپ نەشرىياتى. 2003. 337. 342 341 .308.

[4] شېرىن قۇربان: «مەدەنىيەت تەرجىمىشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان»[J]. تىل ۋە تەرجىمە. 2015(1).

[5] شېرىن قۇربان: «ئېكولوگىيە تەرجىمىشۇناسلىقى»[J]. تىل ۋە تەرجىمە. 2012(1).

[6] سوڭ زىكىڭ: «تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە تەرجىمە ئوقۇتۇشى»[J]. جۇڭگو پەن - تېخنىكا تەرجىمە ژۇرنىلى . 2007(1).

[7] لى دەيلىي(ليۇ خېپىڭ تەرجىمىسى):«ئىزاھشۇناسلىق ئېقىمىدىكى ئاغزاكى - يازما تەرجىمە نەزەرىيەسى »[M]. بېيجىڭ: جۇڭگو چەت ئەل تەرجىمە نەشرىيات شىركىتى. 2003. 115.


## پايدىلانمىلار:


1. ليۇ مىچىڭ: «يېڭىدىن تۈزۈلگەن ھازىرقى زامان تەرجىمە نەزەرىيەسى »[M]. جۇڭگو نەشرىيات مىدىيە پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى، 2013.

2. ليۇ فىڭگو، خې گاڭچياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن :«تەرجىمە توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»[M]. چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقات نەشرىياتى، 2011.

3. تەن زەيشىڭ: «تەرجىمىشۇناسلىق »[M]. خۇبېي مائارىپ نەشرىياتى، . 2000

4. ئەخمەت پاسار: «تەرجىمانىنىڭ ئىزدىنىشى»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007.

5. ئابدۇغوپۇر راخمان ئايرال، پەزىلەت تۇرغۇن: «تەرجىمە ئېتىكىشۇناسلىقى توغرىسىدا» [J]. تىل ۋە تەرجىمە، 2016(3).

6. چېن يۈگۈي: «تەرجىمە ئەمەلىيىتىنى تەرجىمە نەزەرىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە»[J]. تىل ۋە تەرجىمە، 2012(2).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 104 ـ 01(2018) 5878 ـ 1005

# ساۋپىنىڭ ئەدەبىيات قارىشى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە*

زۇلپىقار ئابدۇسالام[1]، ئابدۇۋەلى ئەيسا[2]

(1. غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيەت ئىنستىتۇتى، لەنجوۋ. 730030؛
2. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ساۋپى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب. ئۇ يەتتىلىك ۋە بەشلىك شېئىرلار ئىجادىيىتىدە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان. ئۇ يازغان «قارلىغاچ نەزمىلىرى» ئېلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى مۇكەممەل يېزىلغان يەتتىلىك شېئىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ساۋپى ئاتىسى ساۋساۋ ۋە ئىنىسى ساۋجى بىلەن قوشۇلۇپ «جيەنئەن دەۋرىدىكى[1] ساۋ فامىلىك ئۈچ ئەدىب»، دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مەشھۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەدەبىياتچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئېلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى سىستېمىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ھېسابلىنىدىغان «كىلاسسىكلار مۇھاكىمىسى. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق مەخسۇس ئەسەرنى يازغان، بىراق ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن[2]، ئەمما كىتابتىكى «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» دېگەن بىر پارچە ماقالە بىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىز ئەدىبنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. ئەدىبنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرى ئەينى دەۋردىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى بۈگۈنكى كۈنىمىزدىمۇ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ساۋپى؛ ئەدەبىيات نەزەرىيەسى؛ ئەدەبىي تەنقىد

## 关于曹丕文学观点的初探

祖力皮哈尔·阿布都沙拉木，阿卜杜外力·艾萨

**摘要**：曹丕是我国三国时代生活过的著名诗人。他创作过不少优秀的七言诗和五言诗并留给后人。他的《燕歌行》是我国史上第一次写成的比较完整的七言诗。曹丕与其父和弟弟曹植被称之为“建安三曹”。他撰写过我国历史上第一部系统的文学理论专著《典论•论文》。其中《论文》一篇文章被保存下来，流传到至今。本文以作为我国文学史上第一部系统论述文学创作的理论专著《文典•论文》为论述对象，介绍诗人文学观点的主要内容，提出对其保持“古为今用”的结论。

**关键词**：曹丕；文学理论；文学评论

**Abstract:** Cao Pi is a famous poet who lived in China during the Three Kingdoms period. He created many excellent seven-character poems and five-character poems for later generations. The "songs of swallow" is the first and rather complete seven-character poem in the history of our country. Cao Pi, together with his father Cao Cao and his younger brother Cao Zhi were called "Three Cao in Jian an". He wrote the first systematic literary theory monograph "Wendian • Lunwen" in our country's history, but the book has been disappeared later. One of the articles titled "Lunwen" was preserved and passed on to this day. Based on "Wendian • Lunwen", the first monograph on the theory of literary creation in China, this paper introduces the poet's main literary views and emphasizes its importance today.

*بۇ ماقالە 2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: زۇلپىقار ئابدۇسالام( 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيەت ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ ئەدەبىياتى 2015 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.
ئابدۇۋەلى ئەيسا (1987 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتۇر ئاسپىرانتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**Keywords:** Cao Pi, literary theory, literary criticism.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I206 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ساۋپى (مىلادىيە 226 — 187)نىڭ ئەسلىي ئىسمى خۇەن، ساۋساۋنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، بېيى دۆلىتىنىڭ چياۋ ئايمىقىدا (بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ بوجوۋ دېگەن يېرى) تۇغۇلغان. ئاكىسى ساۋئاڭ بۇرۇنلا قازا قىلغان بولغاچقا، مىلادىيە 220 - يىلى 1 - ئايدا ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. شۇ يىلى 11 - ئايدا خەنشيەندى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پادىشاھ بولۇپ، دۆلەت نامىنى ۋېي دەپ ئاتاپ، لوياڭنى پايتەخت قىلغان، ئۆزى تارىختا ۋېيۋېندى دەپ ئاتالغان.

ساۋپى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى مالىمانچىلىق يىللىرىدا تۇغۇلغان، كىچىكىدىنلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ ھەربىي ئىشلارغا ئارىلاشقان، شۇنداقلا قالايمىقانچىلىقنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە ئېلىپ كېلىۋاتقان زىيىنى ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇ سەۋەبتىن، تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللىرىدە دۆلەت ئەھۋالىنى ياخشىلاش، خەلق تۇرمۇشىنى پاراۋان قىلىش مەقسىتىدە، باج - سېلىقنى كېمەيتىش، جازانى يېنىكلىتىش قاتارلىق بىر قاتار پايدىلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويغان. ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا بۇنداق سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئاكتىپ رول ئويناپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن مۇئەييەن ئاساس سالغان.

نۇرغۇن ئادەملەر ساۋپىنىڭ مەشھۇر ھەربىي قوماندان ۋە سىياسىيون ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تالانتلىق شائىر ۋە ئەدەبىياتچى ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ساۋپى ئېلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم مۇكەممەل يوسۇندىكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرى كېيىنكى دەۋرلەرگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا ئېيتىشقا بولىدۇكى، ساۋپىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر تەرەپلىرىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ساغلام ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ساۋپى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن تالانتلىق ئەدەبىياتچى. ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتى بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئەلەم ۋە قەلەمدە تەڭ يېتىشكەن، كىلاسسىك دەستۇرلارنى ئىجتىھات بىلەن ئوقۇپ، تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ تەلىماتلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. ئۇ شېئىر يېزىشقا، نەزمە توقۇشقا شۇنداقلا ماقالە يېزىشقا ماھىر بولۇپ، بەشلىك شېئىرلارنى يېزىشتا كېيىنكى دەۋرلەرگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سەككىز يېشىدىلا شېئىر يازغان، شاھزادە ۋاقىتلىرىدىمۇ دەۋرداش ئەدىبلەر بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇ ئاتىسى ساۋساۋ، ئىنىسى ساۋجى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇلۇپ «جيەنئەن دەۋرىدىكى ساۋ فامىلىلىك ئۈچ ئەدىب»، دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار «ۋېي خانلىرى تەزكىرىسى»نىڭ ئىككىنچى جىلدىدا خاتىرىلەنگەن. ساۋپىنىڭ ئىنىسى ساۋجىنىڭ بەدىئىي تالانتى يۇقىرى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ساۋجىنىڭ بەدىئىي تالانتى ساۋپىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەيدىغان قاراش شەكىللەنگەن. ئەمەلىيەتتە «ساۋجىنىڭ تەقدىرى ئېچىنىشلىق بولغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بەكرەك قىزىققان، ساۋپىنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتىنى توسۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن»[3]، دېگەن قاراشمۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ بەدىئىي تالانتى بىر - بىرىدىن

قىلىنىشمايدۇ. ساۋېي مەيلى يەتتىلىك شېئىرلار ئىجادىيىتىدە بولسۇن، مەيلى بەشلىك شېئىرلار ئىجادىيىتىدە بولسۇن كېيىنكى دەۋرلەرگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا ساۋېي يەنە «كىلاسسىكلار مۇھاكىمىسى» دەپ بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» دېگەن بىر پارچە ماقالە ئىلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇ ئىلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم بىر قەدەر سىستېمىلىق يېزىلغان ئەدەبىيات تەنقىدى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ساۋېي ئەينى دەۋردىكى ئەدىبلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى، جيەنئەن دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ھالقىلىق رول ئوينىغان شەخس، «جيەنئەن ئۇسلۇبى» كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ساۋېي يەنە قول ئاستىدىكى بەدىئىي دىتى بار كىشىلەرنى ئىلىمىز تارىخىدىكى تۇنجى «پادىشاھلار تەزكىرىسى»نى يېزىشقا بۇيرۇپ، ھۆكۈمەت تەشكىللەپ يېزىلدۇرغان تەزكىرە كىتابچىلىقىنىڭ ئاساسىنى سالغان. ئۇنىڭ «كىلاسسىكلار مۇھاكىمىسى. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق ئەسىرى ئىلىمىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە يول ئاچقان، شۇ ۋەجىدىن ساۋېي ئەدەبىي تەنقىد ئاتىسى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىكى «قارلىغاچ نەزمىلىرى» ئىلىمىز تارىخىدىكى تۇنجى مۇكەممەل يەتتىلىك شېئىر بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى يەتتىلىك شېئىرلار ئىجادىيىتىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ساۋېينىڭ «كىلاسسىكلار مۇھاكىمىسى. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق ئەسىرى ئىلىمىز تارىخىدىكى تۇنجى ئەدەبىي تەنقىد، شۇنداقلا ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئەسىرى بولۇپ، «ئەدەبىيات بەدىئىي دىتنى ئاساس قىلىشى كېرەك، بەدىئىي دىتنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇكەممەللىشىش ۋە ساپلىشىش مۇھىم، ئۇنى بىراقلا يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ»[4]، دېگەندەك ئىلغار ئەدەبىيات قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «يازغۇچىنىڭ بەدىئىي دىتى ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى بەلگىلەيدۇ»[5] دەپ ھېسابلىغان. ماقالىدە ساۋېي «ئەدەبىياتنىڭ قىممىتى، ئەدەبىي ژانىر، ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر تەرىپىدىن ئىلىمىز قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ‹ئويغانغان دەۋر› گە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى»[6] دەپ قارالغان. ئىلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى سىستېمىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ھېسابلىنىدىغان «كىلاسسىكلار مۇھاكىمىسى. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق مەخسۇس ئەسەرنى يازغان، بىراق ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن، ئەمما كىتابتىكى «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» دېگەن بىر پارچە ماقالە بىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىز ئەدىبنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. ئەدىبنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرى ئەينى دەۋردىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى كۈنىمىزدىمۇ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ساۋېينىڭ ئەدەبىيات قارىشى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلىك مەزمۇنلارغا بېرىپ چېتىلىدۇ.

## 1. تەنقىد ئەخلاقى قارىشى

مۇھاكىمىنىڭ بېشىدا ئاپتور «جەمئىيەتتىكى ئەدىبلەرنىڭ بىر - بىرىنى كۆرەلمەسلىكىنى ئەيىبلەپ»[7]، ئۆزىنىڭ ناھايىتى سالماق ۋە سوغۇققان يول بىلەن بۇ ماقالىسىنى يېزىپ چىققانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇئەللىپنىڭ تەنقىد ئەخلاقى بۇگۈنكى كۈندىمۇ مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ جيەنئەن دەۋرىدىكى بىر نەچچە نەپەر ئەدىبنى مىسال قىلىپ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بەدىئىي ئىجادىيەتتە خېلىلا كامالەتكە يەتكەن ئەدىبلەردىمۇ بىر - بىرىنى كۆرەلمەسلىك، بىر -

بىرىنى يارانماسلىقتەك ناچار خاھىشلارنىڭ ئىچىر ئىكەنلىكىنى كەسكىن تەنقىدلىگەن. شۇنىڭغا ماس ھالدا، ئەدىبلەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن. ساۋپىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىمۇ ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر بولغان، بىراق مۇھاكىمىنىڭ ئوبيېكتى مەلۇم ئەسەر ياكى مەلۇم ئەدىب ئۈستىدىلا توختاپ قالغان. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ساۋپىنىڭ تەنقىد قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزىدىن بۇرۇنقى ۋە ئۆزى بىلەن دەۋرداش ئەدىبلەرنى سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلغانلىقى، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغانلىقى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئېيتىشقا بولىدۇكى، ساۋپى تەنقىد ئەخلاقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزى شۇ مىزانغا ئەمەل قىلغان، بۇ جەھەتتە ئۈلگە قىلىشقا بولىدىغان ئۇستاز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ئەدىبلەردە مۇنداق ئىككى خىل سەۋەنلىك ساقلانغان: بىرى ئۆزىنى توغرا تونۇيالماسلىق؛ يەنە بىرى باشقىلارغا توغرا قارىيالماسلىق. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ساۋپى ئەدىبلەردىكى ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تونۇيالماسلىق ۋە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرەلمەسلىك خاھىشلىرىنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، ئەينى دەۋردىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇئەييەن ئارتۇقچىلىق بولىدۇ، يازغۇچىلار ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى سېلىشتۇرماسلىقى كېرەك». كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساۋپى ئەسەرنى باھالاش ۋە ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بېكىتىشتە ئوبيېكتىپ، ھەققىي مەيداندا تۇرۇپ تەنقىد ئېلىپ بېرىشنى، مۇشۇ خىل تەنقىد ئەخلاقى ۋە روھىنى تەشۋىق قىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلغۇچىدۇر.

## 2. ژانىر قارىشى

ساۋپى ماقالىسىدە ئەدەبىي ژانىرلارنى تۆرگە بۆلۈپ، «تۆت ئىلىم سەككىز شەكىل» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ژانىرلارنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى بىردەك بولىدۇ، بىراق يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبىدا روشەن پەرقلەر بولىدۇ. مۇشۇ ئاساستا ساۋپى بەدىئىي ژانىرنى كۇيلەر مۇھاكىمىسى، تەقرىز، مەرسىيە ۋە شېئىر - نەزمە دەپ تۆت تۈرگە بۆلگەن، شۇنداقلا «كۇيلەر مۇھاكىمىسى پاساھەتلىك بولۇشى كېرەك؛ تەقرىزنىڭ نەزەرىيەۋىلىكى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك؛ مەرسىيە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇر بولۇشى كېرەك؛ شېئىر - نەزمىلەر كىشىنى جەلپ قىلىدىغان بولۇشى كېرەك»[8] دېيىش ئارقىلىق، ھەر بىر ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. بۇگۈنىنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتكەندە، بۇلار ئەلۋەتتە ناھايىتى ئاددىي بۆلۈپ ئۇسۇللىرىمۇ بىرلىككە كەلگەن ئەمەس. ئەمما ئۇنى بۇرۇنقىلارنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى بايانلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ساۋپىنىڭ قاراشلىرى بىر قەدەر سىستېمىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇلار ئەينى دەۋردە ناھايىتى ئىلغار بولغان ئەدەبىيات قارىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئۇ ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم ژانىرلارنى بىر قەدەر سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلغان ئەسەر. ژانىرلارنى تۈرلەرگە بۆلۈش ۋە ئانالىز قىلىشتا يول ئېچىش خاراكتېرلىك رول ئوينىغان مۇھىم ئەسەر»[9]. كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنىڭ ھەممىسى ساۋپىنىڭ ژانىر ھەققىدىكى قاراشلىرىغا قارشى تۇرمىغان، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ بېيىتقان، تەرەققىي قىلدۇرغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرنىڭ لىرىكىلىق، پاساھەتلىك بولۇشى ھەققىدىكى قاراشلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە لىرىك شېئىرلارنىڭ گۈللىنىشىگە، ساپ ئەدەبىيات قارىشىنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلغان.

تەكىتلەشكە تېگىشلىك بولغىنى، ئاپتورنىڭ نەزىرىدىكى ھەر بىر ژانىر كەڭ مەنىدىكى مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىنى ھەرگىزمۇ تار مەنىدىكى مەنىسى نۇقتىسىدىن چۈشىنىۋالماسلىق كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مۇئەللىپنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرىنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرى تەتقىقاتىغا تەتبىقلىغىلى، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ساۋپى بۇرۇنقىلار تۆۋەن دەرىجىلىك دەپ قارىغان ئەدەبىياتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىغان.

## 3. بەدىئىي دىت قارىشى

ساۋپى يەنە «بەدىئىي دىت» مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «بەدىئىي دىت ئەدەبىياتنىڭ جېنى بولۇپ، چوقۇم ئېسىلىنى تاللاش، ناچىرىنى شاللاش بىلەن يېتىلدۇرۇلۇشى كېرەك، ئۇنى ھەرگىزمۇ بىراقلا يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولمايدۇ»[10]. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساۋپىنىڭ قارىشىچە بولغاندا، بەدىئىي دىت چوقۇم مۇئەييەن مەزگىللىك تاۋلىنىشتىن يېتىلىدىغان، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى سەل قارىسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇ يەنە «يازغۇچىلار تالانتى، ئىستېداتى، شۇنداقلا خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب ۋە شەكىلدىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىدۇ. بۇ نورمال ئىش. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ‹ئىستېدات› يازغۇچىنىڭ دىتى ۋە خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئالىيجانابلىقنى قوغلىشىدۇ، پەسلىكنى چەتكە قاقىدۇ»[11]، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ساۋپى ئېلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم يازغۇچىنىڭ ئىستېداتى مەسىلىسىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلغان.

ساۋپىنىڭ قارىشىچە، بەدىئىي ئەسەردە چوقۇم يازغۇچىنىڭ دىتى ئەكس ئېتىشى، دىت ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ساۋپى يەنە يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى بىلەن ئەسەرنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنىمۇ خېلى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلغان. ساۋپىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەردىن يازغۇچىنىڭ خاسلىقى مەسىلىسى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. ساۋپى بولسا، يازغۇچىنىڭ خاسلىقى بىلەن ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى تەكىتلىگەن. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى، ساۋپى ئەلۋەتتە بەدىئىي دىتنى ئىككى خىل نۇقتىدىن تۈرلەش ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلغان، ئۇنى بەك چوڭقۇرلىغان مۇھاكىمە دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ بەدىئىي دىت ۋە ئۇسلۇب ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە قايتا - قايتا مۇنازىرە قىلىنغان، بېيىتىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ تەنقىد نەزەرىيەسى كۈچەيگەن، گۈللەنگەن. شۇڭا ساۋپىنىڭ بەدىئىي دىت ۋە ئۇسلۇب ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئۆگەنگەندە، تەتقىق قىلغاندا چوقۇم ئەينى دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى چىقىش قىلىپ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك.

## 4. ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى قارىشى

ساۋپى ماقالىسىدە، ئاۋۋال ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئەدەبىياتنىڭ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ «ئەدەبىيات سىياسىينىڭ قوشۇمچە بويۇمى ئەمەس» دېگەن ئىلغار

قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن نەزەرىيەۋى ئاساس تىكلىگەن.

ساۋپىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئەدەبىيات تۆۋەن دەرىجىلىك ئىجتىمائىي ھادىسە دەپ قارالغان. ساۋپى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىختىساسلىقلارنى ئىشقا قويۇشقا ئېتىبار بەرگەن. بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى قايتىدىن ئويلىشىپ، ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك يېزىقچىلىق شەكىللىرى مەسىلەن، شېئىر، ھېكايە، تەزكىرە، خەت ـ چەك ۋەھاكازالار ئارقىلىق دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بېجىرىش، يازغۇچىنىڭ تىلى پىشقان، پاساھەتلىك، قايىل قىلارلىق بولۇش قاتارلىق تەشەببۇسلار ئارقىلىق ئەدەبىياتنى سىياسىي بىلەن ئاكتىپ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۆت نۇقتا «ئۈچ پادىشاھلىق» دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب ساۋپىنىڭ «كىلاسسىكلار مۇھاكىمىسى. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» نامىلىق ئەسىرىدىكى ئاساسلىق قاراشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇئەللىپنىڭ قاراشلىرى ئەينى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى، ئۇنىڭ «ئەدەبىيات سىياسىينىڭ قوشۇمچە بويۇمى ئەمەس»، دېگىنى ھەرگىزمۇ ئەدەبىيات سىياسىيدىن پۈتۈنلەي ئايرىم تۇرىدىغان، چەكسىز ئەركىن ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى دېگەنلىك ئەمەس. يولداش ماۋزېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ئارقىلىق «4 ـ مايدىن بۇيانقى يېڭى ئەدەبىياتنى، بولۇپمۇ ئىنقىلابى ئەدەبىياتنى ئىلمىي خۇلاسىلەپ، ئۇنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. شۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ، بولۇپمۇ ئىنقىلابى ئەدەبىياتنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئىلمىي چۈشەندۈرگەن»[12]. يولداش لېنىنمۇ: «ئىنقىلابى ئەدەبىيات ـ سەنئەت چوقۇم ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.»[13] دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. شۇ ۋەجىدىن، «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» پوزىتسىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «مېغىزىنى تاللاپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلىش» لازىم. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىسىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ساۋپىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلىشىپ بېقىش قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى تېخىمۇ جانلىق ئەمەلىي پاكىتقا ئىگە قىلىشى مۇمكىن.

ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى: ئېلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم ئەسەر «بەدىئىي مۇھاكىمىلەر. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»نىڭ ئاساسلىق قاراشلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش. بۇ ھەقتىكى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ سىستېمىلىق تەتقىقاتلار كېيىنكى قېتىمغا قالدۇرۇلدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ساۋپىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى تۇتقا قىلىپ، ئېلىمىز كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىلغار قاراشلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇئەييەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل قىلىش رېئال ئەھمىيىتى كۈچلۈك بولغان خىزمەتلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، ساۋپىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تەنقىد ئەخلاقى، بەدىئىي دىت، ئۇسلۇب شۇنداقلا بەدىئىي دۇنيا قاراش قاتارلىق مەزمۇنلارغا بېرىپ چېتىلىدۇ. ساۋپىنىڭ ئەدەبىيات قارىشى شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ئويغىنىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. ئۇ

ئۇتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە ئاكتىپ رول ئوينىپلا قالماي، بەلكى يەنە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ساۋپىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە سەل قارالغان ئەدەبىياتنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ساپ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى پايدىلىق پۇرسەتلەرگە ئېرىشكەن. ساۋپى تەنقىد ئەخلاقىنى ئۇتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇ ئىلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى سىستېمىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ساۋپى ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسى ھەققىدىكى ئاكتىپ قاراشلار ئەينى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ھەر بىرىمىزنىڭ ئارزۇسى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، قەدىمكى ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش يېڭىچە تەتقىقاتقا، يېڭىچە تەرەققىياتقا پايدىلىق پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

## ئىزاھلار:

[1] پادىشاھلىق يىلنامىسى جيەنئەن دەپ ئاتالغان.

[2] ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەسەرنىڭ تولۇق قىسمى سۇڭ دەۋرىدە يوقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

[3] 李清. 《典论·论文》: “文学自觉时代”的先声[M]. 中国活页文选. 2014.

[4] 李承林. 中华句典.中华文典[M]. 高等教育出版社. 2001:836-840. 见: 曹丕. 典论

[5] 李承林. 中华句典.中华文典[M]. 高等教育出版社. 2001:836-840. 见: 曹丕. 典论

[6] 李全庆、王兆才. 曹丕文学观的思想渊源及价值取向[J]. 东岳论坛. 2001(3)

[7] 付芮. 曹丕《典论•论文》中的文学观浅析[M]. 昭通学院学报. 2014(4)

[8] 李承林. 中华句典•中华文典[M]. 高等教育出版社. 2001:99-100. 见: 曹丕. 典论 · 论文

[9] 李壮鹰. 中国古代文论[M]. 高等教育出版社, 2008:99-100.

[10] 李承林. 中华句典•中华文典[M]. 高等教育出版社, 2001:836-840. 见: 曹丕. 典论

[11] 宋尚斋. 中国古代文学史纲[M]. 北京语言大学出版社, 2003:179-180.

[12] 中山大学. 文艺论集[M]. 1984:1.

[13] 中山大学. 文艺论集[M]. 1984: 3.

## پايدىلانمىلار:


1. 李承林. 中华句典•中华文典[M]. 高等教育出版社, 2001.
2. 中山大学. 文艺论集[M]. 1984.
3. 袁行霈. 中国文学史[M]. 高等教育出版社, 1999.
4. 宋尚斋. 中国古代文学史纲[M]. 北京语言大学出版社, 2003:179 - 180.
5. 李壮鹰. 中国古代文论[M]. 高等教育出版社, 2008.
6. 李全庆、王兆才. 曹丕文学观的思想渊源及价值取向[M]. 东岳论坛. 2001.
7. 付芮、曹丕. 《典论•论文》中的文学观浅析[M]. 昭通学院学报. 2014(4).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

第 39 卷第 1 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　39 - يىللىق 1 - سان
2018 年 3 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2018 - يىلى 3 - ئاي

ماقالە نومۇرى: 09 - 111 - 01(2018) 5878 - 1005

# يېڭى دەۋردە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ھەققىدە مۇلاھىزە*

ساداقەت ئابدۇكېرىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ تەدبىرى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە پرىنسىپى، شۇنداقلا يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ۋە مۇھىم كاپالىتى. نۆۋەتتە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنغان دۆلەت قۇرۇش ئۈستىدە پائال ئىزدەنمەكتە. بۇ ماقالىدە، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۇقۇمى، مەملىكىتىمىزدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى نۇقتىلىق شەرھلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** يېڭى دەۋر؛ مەملىكىتىمىز؛ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش

## 论新时代依法治国的思考

沙达开题・阿布都克力木

**摘要：**依法治国是我们党科学总结全人类，特别是在我国治国经验基础上制定的治国基本方略，是社会主义现代化建设的根本任务和原则，也是新时代中国特色社会主义的本质要求和重要保证。当前世界各国积极探索着建设法治国家。本文明确法治概念，通过科学分析我国依法治国取得的成就，重点阐述依法治国的有效措施。

**关键词：**新时代；　我国；　依法治国

**Abstract:** Administering the country according to law is the basic strategy for governing the country formulated by our party scientifically summarizing the experience of all mankind, especially summarizing the experience of China's governing the country. It is the fundamental task and principle of socialist modernization, and it is also the essential requirement and important guarantee of socialism with Chinese characteristics in a new era. The countries around the world are actively exploring the construction of a country under the rule of law. This article clearly defines the concept of the rule of law. Through scientific analysis of the achievements and deficiencies in China's rule of law, it focuses on effective measures for administering the country accoding to law.

**Keywords:** New era; China; administering the country accoding to law.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** D920　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندىن بۇيان، دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش پەيلاسوپلار، سىياسىيونلار، قانۇنشۇناسلار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز ئىنسانلارنىڭ، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئىلمىي يەكۈنلەش ئاساسىدا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت

*بۇ ماقالە 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ساداقەت ئابدۇكېرىم (1993 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان ) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ 2017 - يىللىق ئاسپىرانتى.

ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى خىزمىتى قانۇن ئىزىغا سېلىنىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. نۆۋەتتىكى ئىقتىساد دۇنياۋىلاشقان، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر ۋە رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلەشكەن، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا پۈرسەت بىلەن خىرىس بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجىغا تولۇق ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى بۇ رېئاللىقنى كۆزدە تۇتقان ھالدا: «دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى چوڭقۇر ئىنقىلاب، قانۇنچىلىقنى قاتتىق يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇننىڭ ئىلمىي ئاساستا چىقىرىلىشى، قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى، ئادىل يۈرگۈزۈلۈشى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش شەرت.»[1] دەپ كۆرسەتتى. بۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇش ئىدىيەۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا زور نەزەرىيەۋى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش - دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى، پرىنسىپى، تۈزۈملىرى ۋە يۈرۈشلۈش مېخانىزمىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇش، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەرىكەتلىرىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش، ھەرقانداق شەخس ئىرادىسىنىڭ ئارىلىشىشى، توسقۇنلۇقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن قارمۇ - قارشى بولغان بىر خىل دۆلەتنى ئىدارە قىلىش نەزەرىيەسى، تەشەببۇسى، پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىدۇر، ئۇ ئىنسانلار ئورتاق سىياسىي مەدەنىيلىكنىڭ نەتىجىسى ۋە غايىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان ھەم ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىگە قارشى كۆرمىشتە ئۈزۈكسىز راۋاجلانغان.

غەربتە قەدىمكى گرېتسىيەلىك ئارىستوتېل مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردە ئېلان قىلغان «سىياسىيشۇناسلىق» دېگەن ئەسىرىدە: دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە ئەنگلىيەلىك لوك، فرانسىيەلىك مونتېسكيۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى ۋە سىياسىيونلىرى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نەزەرىيەسىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، بېيىتىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، 17 - 18 - ئەسىر ياۋروپا، ئامېرىكا بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە كاپىتالىستىك دېموكراتىك قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، راۋاجلىنىشىنى زور ئىلگىرى سۈردى. ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىزچىل تۈردە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ كەلدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمىنىيە - يېغىلىق دەۋرلىرىدە قانۇنچىلار دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى

تەشەببۇس قىلغان. گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى قانۇنچىلار تەشەببۇس قىلغان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ھۆكۈمران سىنىپ، بولۇپمۇ پادىشاھ ئىرادىسى بويىچە ئىدارە قىلىش بولۇپ، يېقىنقى زامان مەنىسىدىكى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ماھىيەتلىك پەرق قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى يېڭى گۈللەنگەن پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىگە ماسلاشقان. يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ، يەن فۇ، تەن سىتوڭ ۋەكىللىكىدىكى ئىسلاھاتچى ئىلغار جۇڭگو زىيالىيلىرى ۋۇشۇي يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئىزدەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە سۇن جۇڭشەن ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابچىلار غەربنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگودا قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدەندى ھەمدە بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## 2. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى دېموكراتىك، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىغان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلىدى. پارتىيەمىز يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىز ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا خۇلاسىلەش، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇنچىلىق خىزمىتىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، يېڭى ئاساسىي قانۇننى گەۋدە قىلغان سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى ۋە بىرقەدەر كۈچلۈك، مۇكەممەل بولغان قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى پۇختا قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئېڭى ئۈنۈملۈك ھالدا كۈچەيتىلدى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئومۇمىيىتىنى چىقىش قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر يۈرۈش مۇھىم نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ پرىنسىپىنى تەكىتلەپ، جۇڭگوچە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ باش نىشانىنى تىكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نەزەرىيەسىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان ھۆكۈمەت، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان جەمئىيەت قۇرۇلۇشى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە بوسۇش خاراكتېرلىك

ئىلگىرىلەش بولدى.

**1) نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى شەكىللەندى**

قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ تەدبىرى، پەقەت قانۇن تۈزۈم مۇكەممەللەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن پۇقرالارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق - مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. پارتىيەمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 30 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسى ۋە مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. قانۇن چىقىرىش قەدىمى تېزلىتىلدى، قانۇن چىقىرىش خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈردى، چىقىرىلغان قانۇنىنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە يېڭى ئاساسىي قانۇننى مەركەز قىلغان سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 2017 - يىلى 9 - ئايغا قەدەر مەملىكىتىمىزدە ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن 260 قا، مەمۇرىي نىزام 800 گە، يەرلىك نىزام 9000 غا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئىزىغا سېلىندى.

**2) قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىلدى**

قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇش - ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئىزىغا سېلىش، ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەپەككۇرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رامكىسى ئىچىدە يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دۆلەتنى ئۇزاق مۇددەت ئەمىن ئاپقۇزۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە تۈپ كاپالىتى بولۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىدارە قىلىشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولۇپلا قالماي، بەلكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. شۇڭا، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك 4 - ئومۇمىي يىغىنى قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ھوقۇق - مەسئۇلىيىتى بىردەك بولغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانۇنچىل مەمۇرىيەت تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، فۇنكسىيەسى ئىلمىي بولغان، ھوقۇق مەسئۇلىيىتى قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن، قانۇن ئىجرا قىلىشى قاتتىق بولغان، ئاشكارا ئادىل بولغان، پاك دىيانەتلىك يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قانۇنغا رىئايە قىلىپ لەۋزىدە تۇرىدىغان قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەمۇرىي ھوقۇققا قارىتىلغان ئىچكى - تاشقى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ قانۇننى قاتتىق، قېلىپلىق، ئادىل، مەدەنىي ئىجرا قىلىشى، ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

**3) ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى**

ئەدلىيە تۈزۈلمىسى سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم تەرىپى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر يۈرۈش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى، ئەدلىيە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمى ئىسلاھاتى

چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، ئۆلكىدىن تۆۋەن يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ كادىرلار، مالىيە، ماددىي جەھەتتىكى ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئەدلىيە مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بىر تۈركۈم ناھەق، خاتا دېلولار تۈزىتىلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدلىيە ئادىللىقىغا بولغان ئىشەنچى ئاشتى.

**4) قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى**

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك 4 - ئومۇمىي يىغىنى «قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇش»نى دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كادىرلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان قانۇن تەشۋىقات تەربىيەسى ۋە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پۇقرالاردا قانۇن روھى، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نۇقتىئىنەزىرى ۋە تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە پۇقرالاردا «قانۇنغا رىئايە قىلىش شەرەپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش نومۇس » دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى يېتىلدۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ قائىدە - تۈزۈم ئېڭى، مەنپەئەت ئېڭى، مەجبۇرىيەت ئېڭى، سەممىيەت ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن قانۇنچىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشىغا پۇختا ئىدىيەۋى ئاساس سېلىندى.

## 3. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرى

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — بىر خىل ئىلغار بولغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە قانۇن مەدەنىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تارىخىدىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئىنقىلاب بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پارتىيەمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە، دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمىنلىكى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك زور ئىستراتېگىيەلىك مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇرەككەپ، جاپالىق، ئۇزاق مۇددەتلىك سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن:

بىرىنچىدىن، ئومۇمىي خەلقنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نۇقتىئىنەزەرىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيەۋى ئاساس ۋە قانۇن مەدەنىيىتى مۇھىتى يارىتىش كېرەك. قانۇن ئېڭى پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، قانۇن ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئېڭىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مەدەنىيەت مۇھىتىغا باغلىق بولىدۇ. بىر دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ئېڭى تۆۋەن بولسا مۇقەررەر ھالدا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. بىر دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ئېڭى تەرەققىيات دەرىجىسى شۇ دۆلەتتە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى. شۇڭا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش پۇقرالاردا يۇقىرى بولغان قانۇن ئېڭىنى تۇرغۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

قانۇن تەرتىپىدە قانۇن يەنە بىر خىل

ئادىللىقتىن ئىبارەت قىممەتنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى بىر خىل غايە، ئارزۇغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قانۇن كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قۇرۇلمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ئەينىكى ۋە كاپالەتنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنلا، ئاندىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، تايىنىدۇ، رىئايە قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ناۋادا كىشىلەردە قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن ئېتىقادى بولمىسا، قانۇننى قانچە كۆپ تۈرغۈزغان بىلەنمۇ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانىغا يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئەلا بىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇش لازىم»[2] دەپ كۆرسىتىلدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، مەملىكىتىمىزدە بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ۋە تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ خوجايىنلىق، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق، ھوقۇق سۈبىيېكتلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئادىللىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئىمتىياز ئىدىيەسىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مۇكەممەللەشكەن قانۇن - قائىدە سىستېمىسى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. پۇقرالارنىڭ ئىرادىسىنى ھەقىقىي، تولۇق ئىپادىلەش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تۈزۈلگەن، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرىدىغان ۋە تەڭشەيدىغان ياخشى، ئادىل قانۇن بولۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى. ناۋادا تۈرغۈزۈلغان قانۇندا مەلۇم بىر گۇرۇھ ياكى قاتلامنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە يان بېسىش قىممەت يۆنىلىشى كۆرۈلسە، بۇ خىل قانۇن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش روھىدىن چەتنىگەن بولۇپلا قالماي، بەلكى قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى ۋە كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېتىقادىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. شۇڭا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى قانۇن چىقىرىش تەرتىپىگە ئەمەل قىلىپ، قانۇن چىقىرىشتا دېموكراتىك مۇنازىرىلىشىش تۈزۈمىنى قوللىنىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى تولۇق ئىپادىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ، ئاساسىي قانۇننى يادرو قىلغان، ماددىلىرى تولۇق، ئىچكى ماسلىشىشچانلىقى ئىگە بولغان، تۈزۈلۈشى مۇكەممەل ۋە ئىلمىي سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇكەممەل بولمىغان، ۋاقتى ئۆتكەن قانۇن - نىزاملارنى تىزدىن تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ ياكى بىكار قىلىپ، قانۇن - نىزاملارنىڭ ۋاقىتچانلىقى، سىستېمىلىقلىقى، قاراتمىلىقى، يولغا قويۇشچانلىقى ۋە قوللىنىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئامما ھوقۇقىغا چەك قويۇش نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئامما ھوقۇقىغا چەك قويۇش نازارەت قىلىش — مەقسەتلىك ھالدا ھوقۇقنى مەلۇم چەكلىمىگە ئىگە قىلىپ، ھوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىلمىي كونترول قىلىپ، ھوقۇقنىڭ يۆنىلىشىنى دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، ھوقۇقنىڭ چىرىكلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ، ئۇ خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان، ئاممىا ھوقۇقى خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش تەرىپىگە يۈزلەنگەندە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ

ھوقۇق - مەنپەئەتىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ، ئەكسىچە ئاما ھوقۇقى خەلق مەنپەئەتىگە زىيانلىق تەرەپكە يۈزلەنگەندە ھوقۇق مۇقەررەر ھالدا چىرىكلىشىپ، دۆلەت، خەلق ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدۇ.

نازارەت قىلىنمىغان ۋە چەك قويۇلمىغان ھوقۇق مۇقەررەر ھالدا ئىستىبداتلىققا، ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ چىرىكلىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا مەملىكىتىمىزدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، ئاما ھوقۇقنىڭ قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈلۈشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نازارەتچىلىككە دائىر قانۇن - نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نازارەت سۇبيېكتىلىرىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىدا، نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك: «ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە قارىتىلغان چەكلىمە ۋە نازارەتنى كۈچەيتىپ، ھوقۇقنى خەلقنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇپ، ھوقۇقنى ئاشكارا يۈرگۈزۈپ، ھوقۇقنى تۈزۈم قەپىسىگە سېلىش»، «پارتىيە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىغان، نوپۇزلۇق - ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ نازارەتچىلىكى، دېموكراتىك نازارەتچىلىك، ئەدلىيە نازارەتچىلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىكى بىلەن باغلاپ، نازارەتچىلىكنىڭ بىرىكمە كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك»[3].

تۆتىنچىدىن، ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئەدلىيە ئادىللىقى - قانۇندا بەلگىلەنگەن مەزمۇن ۋە قىممەتنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆكۈم قىلىش پائالىيىتىدە. توغرا ئىزچىللىشىشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ. ئادىللىق ئەدلىيەنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى، ئادىل بولغان ئەدلىيە تۈزۈمى پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى قوغداپ، قانۇننىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم ۋاستە، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە پۇقرالارنىڭ بەختەرلىك تۇيغۇسىنىڭ مەنبەسى، قانۇن - تۈزۈمنىڭ بىردەكلىكى ۋە ھۆرمىتىنىڭ يادرولۇق بەلگىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ناۋادا ئەدلىيە ئادىللىقىدىن ئىبارەت پۈتۈن جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان ئاساس بولمىسا، قانۇننىڭ بىردەكلىكى ۋە نوپۇزىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدلىيە تۈزۈلمىسىدىكى ئىللەتلەرنى نەزەردە تۇتۇپ: «ئەدلىيە تۈزۈلمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال يانداش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر بىر ئەدلىيە دېلوسىدا خەلق ئاممىسىغا ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى تېرىشىپ ھېس قىلدۇرۇش كېرەك»[4] دەپ كۆرسەتتى.

مەملىكىتىمىزدە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر: بىرىنچى، مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مەملىكىتىمىزدە نەزەرىيە جەھەتتە مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرى ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ كادىرلار، مالىيە ۋە ماددىي جەھەتتىكى ھوقۇقلىرى مەمۇرىي ئورگاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرى تولۇق ئايرىلمىغان، مەمۇرىي ئورگانلار ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە ئارىلىشىش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت. شۇڭا ھازىرقى ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ۋە كونكرېت ئەدلىيە

تۈزۈمنى تىزدىن ئىسلاھ قىلىپ ۋە ياخشىلاپ، يەرلىك ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي تارماقلارغا بولغان بېقىندىلىقىنى ئازايتىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنى نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە قىلىدىغان تۈزۈملەرنى قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش، تەرتىپى ئاشكارا، ئادىل بولغان، رايون، كەسىپ ھالقىپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرەلەيدىغان ئەدلىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئەدلىيە ئادىللىقىنى قوغداپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسلۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، ھوقۇق بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ناۋادا ھوقۇق بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىسا قانۇن ھوقۇققا بېقىنىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، پۇقرالاردا «قانۇن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن ئاڭنى تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شۇڭا قانۇن- ئىنتىزام ئارقىلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك: «سۆزنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇننى بېسىشقا، مەنپەئەتنى دەپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزۇشقا قەتئىي يول قويماسلىق»[5] كېرەك. ئۈچىنچى، ئەدلىيە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۇ ئەدلىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ يادروسى ۋە مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ، ئەدلىيە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، ئەدلىيە ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئەڭ زور چەكتە ساقلىنىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ نوپۇزىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا ئاساس سالىدۇ. تۆتىنچى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مالىيە كاپالەت مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ يەرلىك مالىيەنىڭ ئېغىر ھالدىكى چەكلىمىسىگە ئۇچراش ئەھۋالىنى تۈزىتىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنى پۇختا ئىشەنچلىك ماددىي ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، پۇقرالار ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قوشۇنىنىڭ قانۇن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قانۇن ساپاسى - پۇقرالار ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلاردا شەكىللەنگەن قانۇن بىلىمى، قانۇن روھىي ھالىتى، قانۇن ئەخلاقى ۋە قانۇن ئىقتىدارىنىڭ يىغىندىسى. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئادەمگە تايىنىپ ئورنىتىلىدۇ، چۈنكى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئادەم، ھەرقانچە مۇكەممەل، ياخشى ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولغان تەقدىردىمۇ، ناۋادا نىسبەتەن يۇقىرى قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن ساپاسىغا ئىگە بولغان پۇقرالار ۋە بىر تۈركۈم يۇقىرى قانۇن ساپاسىغا ئىگە بولغان، پاك دىيانەتلىك قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قوشۇنى بولمىسا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھېچقانداق رولى بولمايدۇ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئوتتۇرىسلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نۆۋەتتە پۇقرالار ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان جەمئىيەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، پۇقرالار ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارغا بولغان قانۇن تەشۋىقاتى ۋە قانۇن تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بىلىمى، قانۇن ساپاسى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى تاللاش ۋە باھالاشتا قانۇن ساپاسىنى مۇھىم شەرت قىلىش ئاساسىدا، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئىجتىمائىي ئاساس يارىتىش كېرەك.

ئالتىنچى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە

قىلىشتا، باشتىن - ئاخىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ماھىيەت جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش قەدىمىنى تىزلىتىشنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە تۈپ كاپالىتى. شۇڭا باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «مەركىزىي كومىتېت دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇشقا قارىتىلغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك»[6] دەپ كۆرسەتتى. پارتىيەنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە كۈچەيتىشتە، پارتىيە بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش كېرەك. پارتىيە بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى ماھىيەتتە سىياسىي بىلەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، كونكرېت ھالدا پارتىيە قانۇن چىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە باشلامچىلىق بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. پارتىيەمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، پارتىيەمىزنىڭ ئاساسىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ پارتىيەمىزنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرى كادىرلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشى، قانۇن يول قويغان دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، سۆزنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىكى، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇننى باسماسلىقى، مەنپەئەتنى دەپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلماسلىقى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىرىنچى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيە ئىچىدىكى قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىچىدىكى قانۇن - نىزاملارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا ماس پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

## ئىزاھلار:

[1][2][3][4][5][6] «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى توپلىمى»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2017.

## پايدىلانمىلار:


1. 陈冀平.奋力推进新时代全面依法治国基本方略[J].求是，民主与法制网,2018年1月2日
2. 杨帆.浅析我国推进依法治国存在问题与对策[J].山西青年，2016(1).
3. 平洋.论新形势下我国依法治国的问题与对策研究[J].理论研究，2017(2).
4. 齐明华.浅析新时期依法治国的障碍及其对策[J].法制与社会，2016(16).
5. 李婷婷.当前我国全面依法治国制约因素与对策研究,东北师范大学,2016年(硕士论文)
6. 罗雪飞.新时期依法治国的显示障碍及对策[J].法制博览，2015(25).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 120 ـ 01(2018) 5878 ـ 1005

# « ئىنتېرنېت + » دەۋرىدە ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە *

خالبۇۋى ئابدۇرېشىت

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تور دۇنياسى « ئىنتېرنېت + » دەۋرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى نۇرغۇنلىغان يېڭى خىرىس ۋە پۇرسەتلەرگە دۇچ كەلدى. « ئىنتېرنېت + » دەۋرىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتى، كىتاب ـ ماتېرىيال بايلىقلىرىغا بولغان تەلىپىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، كۇتۇپخانىلارنىڭ مۇلازىمەت ئەندىزىسىگە يېڭى تەلەپلەرنى قويىدى. نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى كۆپ قىسىم كۇتۇپخانىلاردا كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىدىيەسى كەمچىل بولۇش، كۇتۇپخانا بايلىقلىرىنىڭ تەقسىملىنىشى مۇۋاپىق بولماسلىق، يۇقىرى سەۋىيەلىك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى كەمچىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىدىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش، كۇتۇپخانا بايلىقلىرىنىڭ تەقسىملىنىش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، يۇقىرى كەسپىي ساپاغا ئىگە خادىملار قوشۇنى بەرپا قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** « ئىنتېرنېت + » دەۋرى؛ ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى؛ كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى

## 浅析在“Internet+ ”时代高校图书馆存在的问题及其对策

哈丽布 · 阿不都热西提

**摘要**：随着互联网世界进入“Internet+ ”时代，高校图书馆迎来新的机遇和挑战。在“Internet+ ”时代，读者的读书习惯，对图书资源的需求发生了很大的变化，这对图书馆的服务模式提出了新的要求。目前，在我国多数高校图书馆服务观念淡薄、服务模式单一、图书资源的分配不合理、高水平职业人员的缺乏等问题普遍存在。本文提出了提升服务理念、创新服务模式、优化图书资源的配置、创建高水平职业人员队伍等措施。

**关键词**： “Internet+ ”时代； 高校图书馆； 图书馆服务

**Abstract:** With the Internet world entering the "Internet +" era, university libraries met with new opportunities and challenges. In the “Internet+” era, readers' reading habits, the demand for library resources has undergone great changes, which puts forward new requirements for library service models. At present, most university libraries in China have weak service concepts, single service models, unreasonable distribution of library resources, and lack of high-level professional staff. This article proposes measures such as improving service concepts, innovating service models, optimizing the allocation of library resources, and creating high-level professional personnel..

**Keywords:** "Internet +" era; university libraries; library service

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G258　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تور تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئالاقە تورى دۇنياسىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، تور دۇنياسى «ئىنتېرنېت + » دەۋرىگە كىردى. « ئىنتېرنېت +»

---

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** خالبۇۋى ئابدۇرېشىت (1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان) كۇتۇپخانا خادىمى، كۇتۇپخانا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

نىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولسا چېگرا ھالقىغان، ئىسلاھ قىلىنغان، ئېچىۋېتىلگەن كۆپ خىل ئامىللارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ[1]، ئۇ كۆچمە ئالاقە تورى، بۇلۇتتا ھېسابلاش تېخنىكىسى، چوڭ ساندان قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى يەنە بىر بالداق يۈكسەلدۈردى.

«ئىنتېرنېت +» ئەندىزىسى ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانا ساھەسىگىمۇ زور پۇرسەت ۋە خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى. ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم كىتاب - ماتېرىيال، ھۆججەت، ئۇچۇر بايلىقى مەنبەسى بولۇپ، ئۇ كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ئۆزىگە تۈپ ۋەزىپە قىلغان. «ئىنتېرنېت +» ئەندىزىسى ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىغا پەقەت يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كىرىپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى بىر خىل يېڭىچە مۇلازىمەت ئىدىيەسىنى ئېلىپ كىردى[2، 3]. «ئىنتېرنېت + كۈتۈپخانا»دىن ئىبارەت بۇ يېڭىچە مۇلازىمەت ئەندىزىسى بىر تەرەپتىن، كۈتۈپخانا مۇلازىمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى مۇلازىمەت ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئەنئەنىۋى تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى يېڭىلاپ، ئەنئەنە ئاساسىدا تور تېخنىكىسى ئارقىلىق كۈتۈپخانىلارنىڭ مۇلازىمەت تىپىنى ئۆزگەرتتى.

نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۈتۈپخانا مۇلازىمىتىدە نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەندىزىلەر مەيدانغا كېلىپ، ئەنئەنىۋى كۈتۈپخانا مۇلازىمىتى يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالماي قالدى. شۇڭا ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىدىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىش، مۇكەممەل بولغان كۈتۈپخانا مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، كۈتۈپخانىلارنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقاتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى چىقىش نۇقتىسىغا ئايلاندى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ، يېڭىچە مۇلازىمەت ئەندىزىلىرى كۈتۈپخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە فۇنكسىيەسىگە زور خىرىس ۋە پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن شارائىتتا، كۈتۈپخانىلارنىڭ ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن قاراتمىلىققا ئىگە تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ئەلا ۋە ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت قىلىشى مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

## 1. ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرى مۇلازىمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

مەكتەپ تورىنىڭ ئومۇملىشىشى، كۈتۈپخانىدا ساقلانغان ئېلېكترونلۇق ماتېرىياللارنىڭ كۆپىيىشى، شۇنداقلا سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى كۈتۈپخانىغا ئايلاپ قەدەم باسماي، پەقەت ئۆيدە ئولتۇرۇپلا كىتاب - ژۇرنال، ھۆججەت - ماتېرىياللارنى خالىغانچە ئاختۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان شارائىتقا ئىگە بولدى. ئىنتېرنېت تورىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىشى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۇسۇلىنى زور دەرىجىدە كۆپ خىللاشتۇردى[4]. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ، كۈتۈپخانىغا بېرىپ ماتېرىيال ئىزدەيدىغان ياكى كىتاب ئارىيەت ئالىدىغانلارنىڭ نىسبىتى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى. كۆپ ساندىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن كۈتۈپخانا دەرس تەكرارلاش زالىغا ئايلىنىپ قالدى، چۈنكى كۈتۈپخانىدا تىنچ، ئازادە، ئارامبەخش ئۆگىنىش مۇھىتى ھازىرلانغان، بولۇپمۇ كۆپىنچە كۈتۈپخانىلارغا مەركىزىي ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان بولغاچقا، كۈتۈپخانىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق ۋە قاتتىق سوغۇقتىن دالدىلانغاچ تەكرار قىلىدىغان ياخشى سورۇنىغا ئايلاندى. كۈتۈپخانىنىڭ

بۇ خىل شەكىلدە ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىشى كۇتۇپخانىنىڭ ئەسلىي فۇنكسىيەسىگە ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس.

تور شارائىتىدا ئالىي مەكتەپلەر كۇتۇپخانىسىنىڭ ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمىتى ئەندىزىسىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى كۆپىنچە ئېلېكترونلىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئەنئەنىۋى ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە كۇتۇپخانا كۆپىنچە كىتاب ماتېرىيال بايلىقلىرىنى قەغەزچە شەكىلدە ساقلايتتى. نۆۋەتتە بولسا ئېلېكترونلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ھۆججەت، ماتېرىياللارنىڭ ئاساسىي ساقلىنىش شەكلىگە ئايلانماقتا. ئېلېكترونلۇق كىتاب ماتېرىيال، ھۆججەتلەرنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتى ۋە سالمىقى تەدرىجىي زورايماقتا.

ئىككىنچى، كۇتۇپخانىلارنىڭ ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمەت ئۇسۇلى ۋە شەكلى كۆپ خىللاشماقتا. ئىنتېرنېت تورى شارائىتىدا، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى پاسسىپ ھالدىكى كىتاب ئارىيەت بېرىش مۇلازىمەت شەكلى تەدرىجىي كۆپ خىللىششقا قاراپ يۈزلەندى. ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمىتىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىلگىرىكى ھۆججەت ماتېرىياللىرىنى مەركەز قىلىشتىن تەدرىجىي ئوقۇرمەننى مەركەز قىلىشقا ئۆزگەردى. كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كۇتۇپخانا مۇلازىمىتىدە ئوينايدىغان رولىدىمۇ زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رەقەملەشكەن ئۇچۇرلارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ توختاۋسىز ئېشىشى كۇتۇپخانا خىزمەتچى خادىملىرىدىن نىسبەتەن يۇقىرى ئۇچۇر توپلاش، تۈرگە ئايرىش، رەتلەش، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاشنى تەلەپ قىلماقتا.

ئۈچىنچى، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمىتى ئوبيېكتى توختاۋسىز كېڭەيمەكتە. ئىنتېرنېت تورى شارائىتىدا، كۇتۇپخانىلارغا نىسبەتەن، ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق كىتاب ـ ماتېرىيال، ھۆججەت ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق ئۇچۇرلارنى توردىن ئوقۇپ پايدىلانغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھالقىپ كەڭ جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن بولۇپ، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىكى كەسپچانلىقى كۈچلۈك، نوپۇزلۇق، كىتاب ماتېرىيال بايلىقى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىدا كېرەكلىك ئۇچۇر ۋە بىلىملەرگە ئېرىشىشىدىكى مۇھىم ۋاسىتە بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن كۇتۇپخانىلارنىڭ مۇلازىمەت دائىرىسى مەكتەپ ئىچىدىن ھالقىپ پۈتكۈل جەمئىيەتكە يۈزلەندى.

## 2. «ئىنتېرنېت+» دەۋرىدە ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەر

«ئىنتېرنېت +» ئېڭىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىغا كىرىشى بىر يېڭى يۈزلىنىش بولۇپ، ئۇ كۇتۇپخانا مۇلازىمىتىدە ۋاقىت ۋە بوشلۇقنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلۈكىدىن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئۆز فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بىراق، نۆۋەتتە ئېلىمىز ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى «ئىنتېرنېت+ كۇتۇپخانا» ئەندىزىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشتا يەنە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

**1) كۇتۇپخانا خادىملىرىدا توغرا، ئاكتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان مۇلازىمەت ئىدىيەسى يېتەرسىز**

«ئىنتېرنېت +» مۇھىتىدا، مۇلازىمەت ئىدىيەسى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ[5]. بىراق، دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانا

خادىملىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى يەنىلا دەۋرگە يېتىشەلمەي ماڭالمايۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ «ئىنتېرنېت +» قا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، ئىنتېرنېت ـ ئۇچۇر دەۋرىنىڭ كۇتۇپخانا مۇلازىمىتىگە قويغان تەلەپلىرىگە، كۇتۇپخانا مۇلازىمىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە بولغان تونۇشى يېتەرسىز بولماقتا. ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمىتىدە يەنىلا كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب ـ ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلارنى پاسسىپ هالدا ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈشنىلا ئاساس قىلىۋالغان بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىش ئېڭى كەمچىل. يەنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇچۇرلارغا بولغان ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىش، پەن تەتقىقاتى، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىر گەۋدىلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش، ئوقۇرمەنلەرنى كۆپ مەنبەلەشكەن ئىستېرېئولۇق ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەردە تەشەببۇسكار ئەمەس.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئاساس قىلغان مۇلازىمەت مەزمۇنلىرى كەمچىل. ئايرىم ئوقۇرمەنلەر توپىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ئايرىم ماتېرىياللارنى ياكى تور ئۇچۇرلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇش، ئوقۇرمەنلەرنىڭ خاسلىقى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى ئىگە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تەدبىرلىرى كەمچىل.

**2) كۇتۇپخانا بايلىقىنىڭ تەقسىملىنىشى مۇۋاپىق ئەمەس، ئىشلىتىلىش نىسبىتى تۆۋەن**

نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا رەقەملىك بايلىق سىستېمىسى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇچۇر بايلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى ئەمەس. كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، كۇتۇپخانا پەقەت كىتاب ئارىيەت ئالىدىغان جاي، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بولسا كۇتۇپخانا پەقەت تەكرار قىلىش ئورنى بولۇپ قالدى. نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېچىچە ئۆچرەتتە تۇرۇپ ئورۇن ئىگىلەش هادىسىسى بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورۇن ئىگىلىشى كۇتۇپخانىدىكى كىتاب ـ ماتېرىيال، سانلىق مەلۇمات بايلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر ياخشى ئورۇنغا ئىگە بولۇش، بۇ خىل ئەھۋال كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. « ئىنتېرنېت +» دەۋرىدە يانفون، خاتىرە كومپيۇتېر قاتارلىق تېرمىنال ئۈسكۈنىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشقان بولۇپ، كىشىلەر توردىن پايدىلىنىپلا ئۆزى كېرەكلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدۇ. هالبۇكى، نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، كۇتۇپخانا بايلىقلىرىنىڭ تەقسىملىنىشى چەكلىمىگە ئۇچراپ كۇتۇپخانىنىڭ فۇنكسىيەسىدە يۇقىرىقىدەك ئېغىشلار كۆرۈلمەكتە.

**3) يۇقىرى سەۋىيەلىك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى كەمچىل**

« ئىنتېرنېت +» دەۋرى كۇتۇپخانىلارغا نۇرغۇنلىغان يېڭىچە مۇلازىمەت ئەندىزىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ئوينايدىغان رولى ۋە فۇنكسىيەسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. كۇتۇپخانا خادىملىرى تېخىمۇ كۆپ زېھنىي پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش، ئۇچۇر توپلاش، رەتلەش ۋە باشقۇرۇش، سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلىپ تەدبىر تۈزۈش، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرگە تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇلارنى زۆرۈر ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلارغا قارىتىشقا يۈزلەندى. بۇ خىل يۈزلىنىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، كۇتۇپخانا خادىملىرى چوقۇم تور تېخنىكىسى، سانلىق مەلۇماتلارنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى، شۇنداقلا كۇتۇپخانىدىكى تۈرلۈك شەكىلدىكى ماتېرىيال بايلىقلىرىنى ئۈنۈملۈك تەقسىملەش قاتارلىق ئىقتىدارلارنى هازىرلىشى كېرەك.

بىراق، نۆۋەتتىكى كۆپ قىسىم ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا بۇ ئىقتىدارلارنى ھازىرلىغان تېخنىكا خادىملىرى يېتەرسىز بولغاچقا خىزمەتلەرنى ئۇنىۋېرسال ئىلگىرى سۈرۈشتە توسالغۇلار كۆپ بولماقتا.

## 3. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

**1) مۇلازىمەت ئىدىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك**

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە پەن - تەتقىقات خادىملىرىنى ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش. تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، كۇتۇپخانا بىر مۇلازىمەت ئورنى، شۇڭا «ئىنتېرنېت +» دەۋرىدە كۇتۇپخانا خادىملىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن توغرا ۋە ئىلغار مۇلازىمەت ئىدىيەسى ۋە ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئەلا مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش ۋە يېتەكلەشنى ئاساسىي خىزمەت يۆنىلىشى قىلىشى، پاسسىپ، جانسىز مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى چۆرۈپ تاشلىشى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، «ئوقۇرمەنلەرنى ئاساس قىلغان» مۇلازىمەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك.

**2) مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە توختاۋسىز يېڭىلىق يارىتىش كېرەك**

«ئىنتېرنېت +» شارائىتىدا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانا مۇلازىمەت ئەندىزىسى «ئىنتېرنېت +» شارائىتىدىكى تېخنىكا يېڭىلىقلىرى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، ئۆزگىچە خاس مۇلازىمەت شەكىللىرى ئارقىلىق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك[5]. ئىنتېرنېت تورى تېخنىكىسىدىكى ھەر بىر يېڭىلىنىش كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىمكانىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى جەمئىيەتتىكى باشقا كۇتۇپخانىلارغا قارىغاندا نىسبەتەن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىنتېرنېت تورى تېخنىكىلىرىدىكى يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى، سۈرئىتى تېز. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۇتۇپخانىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا بولغان تەلىپى كۈنسېرى ئېشىپ ماڭىدۇ. بۇنداق يۇقىرى تەلەپلىك ئوقۇرمەنلەر توپىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامداپ، ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك ۋە ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە توختاۋسىز يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك.

**3) كۇتۇپخانا بايلىقىنى تەقسىملەش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك**

كۇتۇپخانا بايلىقى ئالىي مەكتەپلەردىكى پەنلەر تەرەققىياتى يېرىك پىلانىغا ئاساسەن، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا مۇۋاپىق تەقسىملىنىشى كېرەك. كونكرېت ئېيتقاندا، كۇتۇپخانا مەكتەپتە تەسىس قىلىنغان كەسىپلەر ۋە پەن قۇرۇلۇشى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كىتاب ماتېرىيال، ۋە رەقەملىك ماتېرىيال بايلىقلىرىنى تەكشى سېتىۋېلىش ۋە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك[6]. كىتاب ماتېرىياللارنى ۋاقتى ۋاقتىدا كىرگۈزۈپ، ئىنتېرنېت تورىدىكى زۆرۈر رەقەملىك ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا سېتىۋېلىپ ئوقۇرمەنلەرنى تەمىنلەش كېرەك. تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىگە ئائىت ماتېرىيال بايلىقلىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، كۇتۇپخانىنىڭ ئاپتوماتلىشىش، تورلىشىش ۋە رەقەملىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئارقىلىق كۇتۇپخانا كىتاب - ماتېرىيال بايلىقلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى ۋە ئەتراپلىق تەقسىملىنىشىنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك.

**4) كۇتۇپخانا خادىملىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى كەسپىي ساپاغا ئىگە خادىملار**

**قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك**

كۇتۇپخانا ئىنتېرنېتنىڭ تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن كۈچلۈك دولقۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتەرلىك قوبۇل قىلىشى، شۇنداقلا تەربىيەلەش، بىلىم ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بار بولغان خادىملارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك[7]. ئىنتېرنېت تورى شارائىتىدا ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى يۇقىرى ئۇچۇر ساپاسىغا، ئۇنىۋېرسال ئىزدىنىش روھىغا، نىسبەتەن يۇقىرى چەتئەل تىلى سەۋىيەسىگە، شۇنداقلا زامانىۋى كۇتۇپخانا باشقۇرۇش بىلىملىرىگە ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئېھتىياجلىق. شۇڭا كۇتۇپخانىلار مۇشۇ ساھەلەردىكى ئۇنىۋېرسال ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا كۇتۇپخانىدىكى بارلىق خادىملار كونكرېت خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك. شۇڭا ئۇلاردا يۇقىرى كىشىلىك ساپا، ئوقۇرمەنلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارغا كۆيۈنىدىغان ئاڭ، يۇقىرى مۇلازىمەت سەۋىيەسى ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەت بىلىملىرى بولۇشى كېرەك. كۇتۇپخانىلار كەسپىي مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسپىي زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر بىلەنمۇ كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرەلەيدۇ.

قىسقىسى، « ئىنتېرنېت +» دەۋرىدە، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى زور خىرىس ۋە پۇرسەتلەرگە دۇچ كەلدى. نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە يەنىلا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتى، كىتاب - ماتېرىيال بايلىقلىرىنىڭ سۈپىتى، مىقدارى ۋە شەكلىگە بولغان تەلىپىمۇ كۈنسېرى ئۆزگىرىپ بارماقتا. شۇڭا ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە توختاۋسىز يېڭىلىق يارىتىشى، ئىنتېرنېتنىڭ تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كۇتۇپخانىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك.

ئىنتېرنېت شارائىتىدا ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىچىلىق خىزمىتى ئىسلاھاتقا ۋە يېڭىلىقلارغا موھتاج. بۇنىڭ ئۈچۈن كۇتۇپخانا خادىملىرى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلەيدىغان كەسپىي ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئىشىنىمىزكى، يېقىن كەلگۈسىدە مەملىكىتىمىز كۇتۇپخانىچىلىقى « ئىنتېرنېت +» دەۋرى ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋر زامانىۋى كۇتۇپخانىچىلىقىنىڭ پارلاق سەھىپىسىنى ياراتقۇسى!

## ئىزاھلار:

[1] 于 瑛, 修文举, 王 江. “互联网+ ” 时代高校图书馆延伸服务研究[J]. 农业图书情报学刊, 2018(1):182 .

[2] 张兴旺，李晨晖. 当图书馆遇上“互联网+”[J]. 图书与情报，2015 (4): 63 - 70 .

[3] 张晓广. 互联网+ 时代图书馆的发展[J]. 信息通信，2015(10): 175 - 178 .

[4] 王存娥，吕茕，杨延宁. “互联网+ ” 普通高校图书馆信息服务研究[J]. 价值工程，2018 (08) :114 .

[5] 张丽丽. 基于数字阅读时代的高校图书馆服务探究[J]. 华北理工大学学报（社会科学版）,2018(1):174 .

[6] 王存娥,吕茕,杨延宁. “互联网+ ” 普通高校图书馆信息服务研究[J]. 价值工程，2018 (08) :115

[7] 常彦峰,刘丽娅. 信息时代下高校图书馆员的职业素质提升[J].农业图书情报学刊,2017(9):194– 196.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

# Journal of Xinjiang University

## (Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.39, Iss.1 (Total:153) Mar 2018

**Contents**

Cultivating and Practicing Socialist Core Values ......................................Huang Kunming(1)

Opening a New History of Building a Strong Country of Education.................. Chen Baosheng(10)

Realizing the Self-Confidence of the Socialist Culture with Chinese Characteristics in a New Era: University's Mission and Responsibility.............................................................. Huang Jin(17)

Deeply Understand the Changes in Major Social Conflicts in Our Country ................. Qiu Yuan(25)

The Brilliant Achievement of Educational Reform in Xinjiang in the Early Period of the Establishment of PRC.................................................................................................. Rehmitulla Hesen(34)

To be a Qualified Advocator of Chinese Culture: The Macroscopic Similarities Between Altaic Languages and Chinese.......................................................................................... Litip Tohti(48)

On the Old Chinese lexemes in Divan-i Lugat-it Turk............................................ Isra'il Mutilla(65)

On the Great Significance of Xi Jinping's Socialist Ideology with Chinese Characteristics in a new era.................................................................................................................. Nejmidin Yusup(76)

Some Thoughts on Poverty Alleviation in Southern Xinjiang............................ Iminjan Qeyum(86)

Facing Chinese Loan Words in Uyghur........................................................Ablet Abdulla(91)

On the Significance of Learning Translation Theory in a New Era...................................................... ............................................................................................ Abduveli Qeyum, Osman Jume(96)

On Cao Pi's Literary View................................................ Zulpiqar Abdusalam, Abduveli Eysa(104)

Thoughts on Administering the Country According to Law in a New Age.......................................... ............................................................................................................ Sadaqet Abdukerim(111)

Analysis on the Problems in the University Libraries in the "Internet +" Age and Its Countermeasures... ............................................................................................................ Halibuvi Abdureshit(120)

# مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەتنى قوغداپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلايلى

—— مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى، مائارىپ مىنىستىرلىقى جۇڭگو غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنى قېزىش ـ تەربىيەلەش پىلانى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنى قېزىش ـ تەربىيەلەش تۈرى مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىقى بىرلىشىپ يولغا قويغان جۇڭگو غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنى تەتقىق قىلىش، تەربىيەلەش پىلانىغا تەۋە بولۇپ، بۇ تۈر مەكتىپىمىزنىڭ شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇش تەتقىقات مەركىزىگە ھاۋالە قىلىنغان. بۇ تۈرگە مەكتىپىمىز فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور ۋاڭ مىننىڭ مەسئۇللۇقىدا ئىلتىماس قىلىنغاندىن كېيىن، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى بىلەن فولكلور مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزىدىكى ئالاقىدار ئىلىم ئىگىلىرىدىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. جۇڭگو تىل ئەدەبىياتى، مەخسۇس تارىخ قاتارلىق نۇقتىلىق پەنلەر تايانچ قىلىنىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فولكلور مەدەنىيەت تەتقىقات بازىسى ھەمدە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى يېڭىلىق يارىتىش كوللېكتىپىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار، شىنجاڭ ئىچىدىكى سەرخىل لايىھەلىگۈچى، قول ھۈنەر ئۇستىلىرى، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئاتاقلىق ئەرباپلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىرى، تارىخ ـ مەدەنىيەت ئالىملىرى شۇنداقلا دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋارىسلىق قىلغۇچىلار قاتارلىقلاردىن كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللەندى. بۇ تۈر «ئاساسىي كۈچلۈك، بىلىمى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ» بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، غەيرىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنى تەتقىقات، ئۆگىنىش، تەربىيەلەشلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىقتىدارى، ئېستېتىك قابىلىيىتى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى. بۇ تۈر ۋارىسلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي خاسلىقنى يوقاتمىغان ئاساستا، جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىش؛ جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىگە دائىر لايىھەلەش، ياساش، ھاسىلىي مەھسۇلاتلارنى ئېچىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ جۇڭگو ھۈنەرۋەنچىلىك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى زامانىۋى تۇرمۇشقا ئېلىپ كىرىش؛ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىككە كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرىدا غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ تەتقىقات تەربىيەلەش تۈرىنىڭ تەستىقلىنىشى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خاسلىق ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە پەنلىرىنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشىغا، پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. بۇ تۈر فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ نۇقتىلىق پەن قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم نەتىجىسى، شۇنداقلا مەكتىپىمىزنىڭ «قوش ئالدىنقى قاتار»دىكى ئالىي مەكتەپلەر پەن سۇپىتى قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇھىم نەتىجىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى بۇ تۈر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «نامراتلىقنى دەل جايىدا يۆلەش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت رولىنى پائال جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.